*Вәтәнни сөйүш - иманниң җүмлисидиндур*

ۋەتەننى سۆيۈش ـ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر

قىرغىزستان ئۇيغۇرلىرى «ئىتتىپاق»
جەمئىيىتىنىڭ ئاممىۋي ـ سىياسىي گېزىتى

Общественно - политическая газета
Общественного объединения уйгуров
"Иттипак" Кыргызской Республики

# ИТТИПАК ئىتتىپاق ЫНТЫМАК

№ 5 (883), май, 2021 г.

2021ـيىل، ئىيار 5ـ سان (883)

-Газета издается с марта 1994 года

## В НОМЕРЕ:



*Благотворительный марафон пострадавшим в баткенских событиях* Стр. 2-3



*Избран новый главный редактор газеты «Иттипак»* Стр.3



ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
ئەسەرلىرىدىن 9 ـ 11 ـ بەتلەر



*Уйғурларда мәдәнийәт вә ислам* 10-бәт



*Главный тренер сборной по плаванию* Стр.16



# Послание Президента Садыра Жапарова народу Кыргызстана

# پرېزىدېنت سادىر جاپاروۋنىڭ قىرغىزستان خەلقىگە قارىتا مەكتۇبى

5 мая в Госрезиденции «Ала-Арча» Президент Кыргызской Республики Садыр Жапаров выступил с посланием к народу страны.

В частности он сказал:

*Уважаемые кыргызстанцы!*

*Дорогие соотечественники, проживающие вдали от родины, от снежных вершин Ала-Too!*

*Сегодня я, волею судьбы стою перед вами, подписав основной закон Конституцию Кыргызской Республики!*

*Я обращаюсь к каждому из вас, ко всем сыновьям и дочерям нашего народа, от мала до велика!*

*Дорогие кыргызстанцы!*

*Я вместе с вами чувствую и понимаю, все тяготы и невзгоды, с которыми вам сегодня приходится сталкиваться.*

*Ни одному из предшествующих президентов не выпали на долю столь сложное экономическое положение и кризисная ситуация как сейчас.*

*Далее глава государства остановился на таких важных вопросах как разработка нового Налогового кодекса КР, реформа судебной системы, внешней торговли и привлечение прямых инвестиций в экономику нашей страны и развитие международного сотрудничества.*

*В заключении своего послания Садыр Жапаров сказал: «У меня есть сила и воля воплотить все обещания, данные народу Кыргызстана! И с вашей поддержкой я сделаю это!»*

***Конфликт на границе Таджикистана и Кыргызстана***

Обострение на границе Кыргызстана и Таджикистана началось в ночь на 29 апреля 2021 года. По данным погранслужбы Кыргызстана, накануне на территории участка «Головной водораздел» таджикская сторона начала устанавливать камеры видеонаблюдения на столбах линии электропередач. Кыргызские пограничники и сотрудники ОВД по Баткенской области потребовали приостановить работу по установке видеокамер. На месте конфликта собралось около 150 человек, которые начали закидывать друг друга камнями. После этого ситуация обострилась и стороны начали перестрелку.

На сегодняшний день МВД Кыргызской Республики контролирует ситуацию на границе с Таджикистаном, нарушений перемирия не выявлено, сообщает пресс-служба ведомства.

8 мая глава ГКНБ Кыргызстана Камчыбек Ташиев и руководитель ГКНБ Таджикистана Саймумин Ятимов по итогам встречи в Баткенской области подписали протокол о прекращении огня и совместном осмотру войск на приграничной территории для их дальнейшего отвода в места постоянной дислокации.

5ـماي كۈنى «ئالا ـ ئارچا» دۆلەت رېزىدېنتسىيەسىدە قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ پرېزىدېنتى سادىر جاپاروۋ قىرغىزستان خەلقىگە قارىتا مەكتۇب نۇتقى بىلەن سۆز قىلدى.

ئۇ مۇنداق دېدى:

قىممەتلىك ۋەتەنداشلار! مەن بۈگۈن تەغدىر ئىرادىسى بىلەن سىزلەرنىڭ ئالدىڭلاردا تۇرۇپ قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ـ كونستىتۇتسىيەسىگە قول قويۇۋاتىمەن.

«ھۆرمەتلىك قىرغىزىستانلىقلار!

مەن سىزلەرنىڭ بۈگۈنكى ھاياتىڭلاردا ئۇچراۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى، جاپا مۇشەققەتلەرنى سېزىۋاتىمەن ۋە چۈشىنىۋاتىمەن. بۇرۇنقى سابىق پرېزىدېنتلىرىمىزنىڭ دەۋرىدىكى ئىختىسادىي ئەھۋالىمىز ناھايىتى ئاجىز ۋە قىيىن ئەھۋالدا».

دۆلەت باشلىغى ئۆز نۇتقىنىڭ داۋامىدا قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ يېڭى سېلىق كودېكسى، سوت رېفورما سىستېمىسى، تاشقى سودا ـ سېتىق، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىختىسادىغا چەت ئەل ئىنۋېستىتسىيەلىرىنى جەلىپ قىلىش ۋە خەلقئارا ئالاقىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالدى.

سادىر جاپاروۋ ئۆز دوكلادىنى تۆۋەنكى سۆزلىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى: «قىرغىزستان خەلقىگە بەرگەن ۋەدىلىرىمنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مېنىڭدە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئىرادە بار. سىزلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىڭلار بىلەن بۇ ۋەدىلىرىمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىمەن!»

* * * * *

تاجىكستان ۋە قىرغىزستان ئوتتۇرىسىدىكى چېگارا كەسكىنلىشىشى 2021ـيىلى، كېچىسى، 29ـئاپرېلدا باشلانغان. قىرغىزستاننىڭ چېگارا خىزمىتىنىڭ خەۋىرى بويىچە «سۇ بۆلۈش» يەر ئۇچاستكىسىدا تاجىكىستان تەرەپ ئېلېكتر سىملىرىنىڭ تۈرۈكلىرىگە ۋىدېئو كامېرلارنى ئورنىتىشقا باشلىغان. قىرغىز چېگاراچىلىرى ۋە باتكېن ۋىلايىتى ئىچكى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ خادىملىرى بۇ ۋىدېئوكامېرلارنى ئورناتماسلىق ئۈچۈن تاجىكىستاندىن تەلەپ قىلىشتى.

موشۇ جېدەل بولۇۋاتقان يەردە 150 ئەتراپىدا ئادەم ژىغىلغان بولۇپ، بىر بىرىگە تاشلارنى ئېتىشقا باشلىغان. بۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ، ئىككى تەرەپ ئوق ئېتىشقا باشلىغان.

8ـماي كۈنى قىرغىزستان ۋە تاجىكستان دۆلەت بىخەتەرلىگى مىللىي كومىتېتلىرىنىڭ باشلىقلىرى قامچىبېك تاشئىېۋ ۋە سايمۇمىن ياتىموۋلار باتكېن ۋىلايىتىدە ئۇچراشتى. بۇ ئۇچرىشىشتا ئىككى تەرەپ ئوق ئېتىشنى توختۇتۇش توغرۇلۇق پروتوكولغا قول قويۇشتى.

بۈگۈنكى كۈندە تاجىكستان بىلەن چېگارا ۋەزىيىتىنى قىرغىز رېسپۇبلىكىسىنىڭ ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىگى نازارەت قىلماقتا.

http://www.president.kg

# Благотворительный марафон в помощь пострадавшим в Баткенской области





В конце апреле сего года в Баткенской области между жителями на кыргызско-таджикской границе произошел конфликт. В дальнейшем данный конфликт зашёл в другую фазу - в фазу противостояния жителей сел противоборствующих сторон. В ходе конфликта с обеих сторон погибли десятки людей и сотни людей были ранены. В связи с трагическими событиями на юге нашей республики весь многонациональный народ Кыргызстана оказал гуманитарную помощь жителям пострадавших районов конфликта.

Уйгуры Кыргызстана не остались в стороне в деле оказания гуманитарной помощи пострадавшим жителям Баткенской области.

3 мая сего года Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской республики, возглавляемой Аскаром Касымовым организовало благотворительный марафон в кафе «Ават», где на данном мероприятии приняли активное участие все слои уйгурской общественности города Бишкек и близлежащих районов Чуйской области.

О проведённом марафоне и как эта помощь была распределена мы попросили рассказать председателя Общества уйгуров «Иттипак» КР Аскара Касымова.

*- Аскар Тумурчинович, расскажите какие меры, предприняла Ассамблея народа Кыргызстана и уйгурская общественность нашей республики в ответ на недавние события в Баткенской области?*

- Когда к нам пришли эти вести, первым решением Ассамблеи стало оказание гуманитарной помощи пострадавшим. Заказали грузовую машину, куда все этнопредставители без исключения собирали продукты питания, теплую одежду, обувь – все, чтобы наши сограждане в Баткенской области ни в чем не нуждались.

Я, как председатель диаспоры, также созвал Центральный совет. На заседании мы единогласно решили, что предпримем дополнительные меры. Но это оказалось не так просто. Дело в том, что посредством интернет-площадок выступали люди, утверждавшие, будто гуманитарная помощь до них не доходит вовсе. Поэтому мы напрямую связались с кураторами пострадавшего района. Там значилось три села. В разговоре с местными властями удалось уже во всех подробностях установить, в чем люди нуждаются особенно остро. Например, в селе Максат есть двухэтажная школа, где располагалось двенадцать классов. Из-за конфликта на границе в ней произошел пожар. К сожалению, школа в итоге была разгромлена, а ее инвентарь полностью уничтожен. Мы решили восстановить все необходимое для занятий: парты, стулья, школьные доски, шкафы и т.д. Для этих целей организовали благотворительный марафон по сбору средств. В итоге удалось собрать порядка 900 000 сомов и некоторую часть продуктов, одежды. Общая сумма помощи составила 1 миллион 30 000 сомов. Бизнесмены, обычные люди, даже пенсионеры – каждый давал, сколько мог. Я горд за нашу страну, в которой столько отзывчивых людей.

Считаю, школа – это стратегический объект. Дети не должны отставать от учебной программы. И мы хотели, чтобы первого сентября учебное заведение работало в штатном режиме. Поэтому сделали закуп и поехали на место. Нас встретили так радушно! Мы разгрузили машину, побеседовали с учителями, с главой айыл окмоту и другими людьми. Оказалось, школа также нуждается в литературе – книжках, учебных пособиях. В этом мы тоже пообещали помочь, насколько будет возможно. Затем наш оператор провел съемку, был подписал акт приема-передачи. Все необходимые документы и свидетельства для отчета перед общественностью у нас имеются.

*(Продолжение на 3 стр.)*




**Иттипак**

**Главный редактор:** باش مۇھەررىر:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا

**Зам. редактора:** مۇئاۋىن مۇھەررىرلەر:
*Акбаржан Баудунов* ئەكبەرجان باۋۇدۇن
*Абдурахим Хапизов* ئابدۇرەخىم ھاپىزى

**Редколлегия:** تەھرىر ھەيئىتى
*Музаппархан Курбанов* مۇزەپپەرخان قۇربانوۋ
*Мухаммеджан Ясынов* مۇھەممەتجان ياسىنوۋ
*Осман Турдиев* ئوسمان تۇردىيېۋ

**Дизайнер - верстальщик:** دىزايىنېرى - ۋېرستالشىكى:
*Зумрат Рузиева* زۇمرەت رۇزىيېۋا

**Набор текста:** تېكستنى نابور قىلغان:
*Зайтуна Рузиева* زەيتۇنەم رۇزىيېۋا

Материалы, опубликованные в газете, являются собственностью редакции. Письма, рукописи не рецензируются и не возвращаются. Авторы опубликованных материалов несут ответственность за подбор и точность приведенных фактов. Редакция может публиковать статьи в порядке обсуждения, не разделяя точку зрения автора. Отвественность за содержание статей и рекламы редакция не несет.

گېزىتىمىز سەھىپىلىرىدىكى ماتېرىياللارنىڭ جاۋاپكەرلىگى مۇئەللىپ ئۈستىدە.

**Учредитель:**
**Общественное объединение уйгуров «Иттипак» Кыргызской Республики**

ساھىبى:
«ئىتتىپاق» جەمئىيىتى

**Свидетельство о перерегистрации 682, серия ГРП, номер 000833 Министерство юстиции КР**

**Отпечатано в типографии «Центр поддержки СМИ». Заказ №844, тираж 3300**

**г. Бишкек, АНК, Дом Дружбы, ул. Пушкина, 78**
**инд. :720040**
**Тел.: 62-04-50**
**66-40-04**

# Избран новый главный редактор газеты «Иттипак»

**В редакции газеты «Иттипак» Общества уйгуров «Иттипак» КР произошли кадровые изменения.**

**Главный редактор газеты «Иттипак» Акбар Баудунов в связи с состоянием здоровья и преклонным возрастом подал заявление об освобождении его от занимаемой должности.**

**Центральный совет рассмотрев заявление А. Баудунова удовлетворил его просьбу. Решением Центрального совета на должность главного редактора назначена Рузиева Зумрат Хакимовна. Приказ подписал председатель Общества «Иттипак» КР А. Касымов.**

На данный момент Рузиева Зумрат Хакимовна является дизайнером - верстальщиком газеты «Иттипак». Она родилась 12 июля 1969 года в г.Фрунзе в семье интеллигенции. Её отец - Хаким Рози был экономистом, одним из тех, кто стоял у истоков, когда создавалось Общество уйгуров и газета «Иттипак». Являлся патриотом своей нации. Мама Мамутова Ризван была предана своей профессии - лечить людей. Много лет проработала на скорой помощи фельдшером.



После окончания школы Зумрат Рузиева училась на художника – керамиста, В 1988-1995 годах проработала на Фрунзенском стекольном заводе, в керамическом цехе, затем поступила в ВУЗ - Бишкекский Гуманитарный Университетим.К.Карасаева-присвоена квалификационная степень - библиотекарь-библиограф.

В 1995-2000 годах работала библиотекарем в Кыргызской Государственной Медицинской Академии.

С 2000 по 2001 год работала дизайнером-верстальщиком в уйгурской газете *«Виждан авази»*.

После закрытия газеты продолжала работать в том же направлении - принимала заказы на переводы, верстку и набор текстов книг на кириллице и уйгурской вязи.

Её работы:

1. Әкбәрҗан Баудунов. «Киргизстан уйғурлиринің әдәбияти» (хрестоматия), Бишкәк, 2001.
2. Джеймс Черчвард. «Қәдимки қуруқлуқ Му», (Древний континент Му), Бишкәк, 2005.
3. Джеймс Черчвард. «Му қуруқлуқның әвлатлири»,(Дети Му), Бишкәк, 2007.
4. Абдуманап Касим. «Хәлқимгә» (шеирлар топлими), Бишкәк, 2008 .
5. Шәмсидин Абдурeһим. «Әркинлик йолида», Бишкәк, 2010.

В 2015г. – работала преподавателем уйгурского языка и письменности в образовательном центре «Attila». В 2016г. ею было выпущено учебное пособие «Уйгур тили».

С 2007г. и по настоящее время работает переводчиком (удаленно) уйгурского языка в нескольких переводческих компаниях: «Global Group», «Alfa Translation», «GMC – Translation service», «Litera LTD», «Premium translation». Имеет сертификат переводчика уйгурского языка. Имеет дочь - Рузиеву Зайтуну, которая работает учителем начальных классов в УОМШ «Брайт», имеет внука.

Общество уйгуров КР «Иттипак» поздравляет Зумрат Рузиеву с избранием ее на ответственную должность.

**Соб.корр.**

# Благотворительный марафон в помощь пострадавшим в Баткенской области

*(Начало на 2 стр.)*

Кроме того, организована гуманитарная помощь культурными центрами, что было сделано общими усилиями Ассамблеи народа КР. Кстати, от Российской Федерации там работает выездная медицинская клиника. Установлены палатки, машины стоят. Поэтому на момент нашего приезда люди уже вышли из состояния жесткого стресса, жизнь начала потихоньку налаживаться. Все потому, что каждый сделал свой вклад в завтрашний день, в мирное будущее, в образование детей. И меня очень радует, что народы Кыргызстана по-настоящему отзывчивы!

*- Аскар Тумурчинович, спасибо за подробное интервью.*

Да, мы живём в дружной, многонациональной стране, и Кыргызстан для нас является общим домом и мы должны беречь этот дом как зеницу ока в плане его территориальной целостности, независимости и демократических устоев.




Все тяготы и радости жизни мы переживаем вместе, и это стало законом нашей жизни.

И где бы не случись беда - на севере, юге, востоке и на западе нашей республики, мы, как единый и сплоченный народ Кыргызстана, оказываем руку помощи тем, то пострадал от стихийных и природных катаклизмов и от различных конфликтов.

Об этом свидетельствуют факты всесторонней помощи кыргызстанцев пострадавшим жителям в пограничном конфликте Баткенской области.

**Абдурахим Хапизов .**

Фото автора





# «Иттипақ» гезити - уйғурларниң иптихари

Мәтбуат - инсанларниң тәшвиқат қурали, ойғутуш чақириғи. Мәтбуати йоқ милләт қурали йоқ әскәргә охшайду. Мәтбуат-хәлқимизниң аң-сәвийәсини көтүрүш үчүн бәк зөрүр.

Биз Қирғизстан уйғурлириниң бирдин-бир мәтбуатимиз «Иттипақ» гезити, гезитимизниң аммивий-сиясий роһи үстүн, шуңлашқа өз миллитини сөйгән вәтәнпәрвәрлиримиз гезитимизни қәдирләп, сөйүп оқуйду. Шуниң үчүн гезитимизни көз қарчуғимиздәк сақлап келишимиз керәк.

Әпсус: уйғурлар арисида қәдирлиниватқан гезитниң тиражи жилдин-жилға азаймақта, мундақ болушниң, сәвәби немә?

**1 -Милләтни сөймәслик**

Өз миллитини сөймигән, миллитини қәдирлимигән, миллий ғурури йоқ, миллий виждани йоқ бәзи бир уйғурлиримиз өз мәтбуатиниң қәдирқиммитини билмәйду. Мәтбуат инсанниң аң сәвийәсини көтүриду, наданлиқтин қутулдуриду, ирадисини мустәһкәмләйду. Шуниң үчүн, уйғур «Иттипақ» җәмийитиниң әтрапиға зич уюшуп, уни қоллап-қувәтләп, уйғурларниң иптихари болған «Иттипақ» гезитимизгә муштири болишимиз керәк.

**2-һәсәтхорлуқ**

Зиддийәт һәсәтхорлуқтин келип чиқиду, өктичилик, миллитимизниң иттипақиға сәлбий тәсир көрситиду, мәтбуатимизни хуңуқләштүриду.

Уйғурларниң «Иттипақ» гезити, биз-уйғурлар үчүн чиқиватиду. Бирақ, бәзи бир уйғурлар әттәй йезилмайду, буниң сәвәби, әлбәттә әшу зиддийәт билән һәсәтхорлуқтин келип чиққан өктичилик.

Һәй! Һәсәтхорлуқлар, бизниң тарихий дүшминимиз болған хитай тажавузчилири уйғур миллитини түп йилтизидин йоқутуш үчүн, қолидин кәлгән амалларни қиливатиду. Уйғурлиримизни йүз миңлап өлтүрүп, миллионлап түрмигә ташлаватиду. Қизлиримизни халиғанчә хорлап, дәпсәндә қиливатиду. Шундақ дәһшәтлик бир пәйиттә, хитай



тажавузчилирини миқтәк санчип турған гезитимизни гүлләндүрүшниң орниға гезитимизни хуңуқләштүрсәк, шу вақта биз кимниң пайдисиға мүмкүнчилик яритип бериватимиз? кимниң қазиниға су қуюп бериватимиз?

Вәтәнниң сиртида яшаватқан уйғурлар Дуния уйғур қурултейиниң рәһбәрлигидә вәтән ичидики зулмәт ичидә яшаватқан уйғурларниң әркинлигини қолға кәлтүрүш үчүн, дуния җамаәтчилигигә мураҗиәт қилип, дуния җамаәтчилигиниң қоллап қувәтлишини қолға кәлтүрүватқан бир вақитта, өзимизниң хитай тажавузчилириға бирдин-бир қарши мәтбуатимиз болған «Иттипақ» гезитимизни қоллап-қувәтләйлүк. Әгәр растла җүрүгүмиздә уйғур қени орғуп турса, томурлиримизда долқунлинип ақса, һәрхил шәхсий зиддийәтләргә, һәсәтхорлуққа хатимә берип, миллитимизниң мәнпийити үчүн күч чиқирайли, мәтбуатимизни җанландуруп, гезитимизни гүлләндүрәйли, һәммимиз гезитимизгә бирдәк муштри болайли.

**3. Аң сәвийәниң төвәнлиги**

Наданлиқ, беһотлуқ, бепарвалиқ, инсанни пассив әһвалға чүшүрүп қойиду. Бехотлуқ билән бепәрвалиқниң касапити мәтбуатимизни хуңуқләштүрмәктә. Қирғизстан уйғурлириниң бирдин-бир мәтбуати, уйғур «Иттипақ» гезити. Гезитимизниң тиражи қанчә көпәйсә, миллитимизниң риваҗлинишиға чоң мүмкинчилик яратқан болумиз вә һәссиләр қошқан болимиз. Бизниң тарихимизда унтулмас вәтәнпәрвәр, милләтпәрвәр, вәтән үчүн, милләт үчүн әзиз җанлирини пида қилған көплигән әҗдатлиримиз өткән. Алайлуқ, Абдухалиқ Уйғур, Мәмтили Тәвпиқ, Лутпулла Мутәллип охшаш йүзлигән җанкөйәр қәһриманлиримиз, улар вәтинимизни, хәлқимизни зулмәттин, хорлуқтин қутулдуруш үчүн өзлириниң җанлирини пида қилған.

Бүгүнки күндә, бәзи бир уйғурлиримиз немә қиливатиду? Бир килограмм гөш кәлмәйдиған 400 сом пулини аяп, гезитимизниң көпийишигә сәлбий тәсир көрситип, бирдин-бир мәтбуатимиз вә иптихаримиз болған « Иттипақ» гезитимизға муштири болуштин баш тартиватиду. Қени бизниң уйғурлиғимиз?

Гезитқа йезилмайватқан уйғур қериндашлар, биз үчүн қан төккән әҗдатлиримиз роһидин болсиму уялсақчу. Жуқирида қәйит қилинған уч илләтни дәпнә қилип, арқимиздин из бесип келиватқан әвлатлиримизға үлгә болуш үчүн һәммимиз бирликтә иттипақ болуп, миллитимизниң гүллинишигә һәссиләр қошуп, мәтбуатимизни қоллап-қувәтләп, уйғур «Иттипақ» җәмийитиниң паалийәтлиригә толуқ қатнишип, «Иттипақ» гезитигә муштири болайли.

**«Ала Тоо» йезисиниң уйғур җамайити намидин**
**Авакри Хатбакиев**

# *Қирғизстан уйғурлири роза һейит байримида миллий вә диний урп-адәтлирини сақлап қелишқа тиришмақта*

Қирғизстан Оттура Асиядики уйғурлар бир қәдәр көп вә зич олтурақлашқан бир мәмликәт. Улар түрлүк усуллар арқилиқ өзлириниң миллий вә диний әнъәнилирини сақлап қелишиға тиришмақта. 2020-жили корона вируси вабасиниң ямрап кетиши билән роза вә қурбан һейит намазлири тор вә телевизор арқилиқ оқулди.

Қирғизстан һөкүмитиниң санифида 60 миңға йеқин дәп қариливатқан уйғурларниң асасий қисми Жалал-Абад, Ош вә Чуй вилайитлиридә вә Бишкәк шәһири вә униң әтрапидики йеза-шәһәрләргә олтурақлашқан. Йәнә бир қисим уйғурлар Қирғизстанниң Иссиқ-Көл вилайитиниң Қарақол шәһиригә олтурақлашқан. Улар қирғиз вә башқа мусулманлар билән бирликтә 13-май күни роза һейт намизини бирликтә оқуди вә өз урп-адәтлири бойичә өзара һейтлашти.

Уйғурлар әң көп олтурақлашқан Ново-Покровка йезисиниң жигитбеши Ғәйрәт Жаһанов бу жил яшларниң диний етиқади күчийип, роза тутудиғанларниң һәм мечитлардатәрәви намизини оқуйдиған уйғурларниң сани көпийиватқанлиғини тилға алди. У Қирғизстанда пәқәт уйғурларғила әмәс, бәлки башқа һәр милләт мусулманлириға яритип берилгән диний әркинчилик сәясити тоғрилиқ тохталди.

Роза һейт ислам дуниясиниң әң



чоң байрамлиридин биридур. Миң жиллардин буян ислам диниға етиқад қилип кәлгән уйғур хәлқи Роза һейит вә Қурбан һейт байрамлирини тәбрикләштә өзигә хас қаидә-йосун вә миллий әнъәниләрни яратқан. Роза һейт бир айлиқ рамазандин кейин дәстиханлар селинидиған, инсанлар оттурисидики адавәтләрни түгитип, өз-ара һәмкарлишишни күчәйтидиған, шундақла қериндашлардәк бир-бирини бағриға бесип һейтлишидиған күндур. Қирғизстан уйғурлири үчүн бу улуқ күн яш өсмүрләргә миллий әнъәнилирини тонутуп, уларни милләтпәрвәрлик вә вәтәнпәрвәрлик роһида тәрбийәләштики яркин бир пурсәттур. Чәт Көл йезисидики Аяллар кеңишиниң әзаси Ғунчә ханим Роза һейт күни уйғур хәлқиниң диний вә миллий урп-адәтлирини намаян қилидиған бир пурсәт екәнлигини билдүрди.

Ғунчә ханим йәнә уйғур елидики еғир вәзийәт Қирғизстан уйғурлириниң жүрәклирини қайғу вә ғәмгә салғанлиғи үчүн, бу муқәддәс байрамда көңүллири йерим һалда һейтлашқанлиғини тәкитлиди.

Уйғурлар зич олтурақлашқан Ново-Покровка мәһәллисиниң мутивәллиси Мирзәхмәт һаҗим, бу жили Қирғизстан уйғурлириниң җамаәт билән бирликтә мечитларда намаз оқуп, бир-бирсини бағриға бесип тәбриклишип, мазарларни зиярәт қилип, һейтлашқанлиғини тәкитлиди.

Қирғизстан уйғурлири «Иттипақ» җәмийитиниң рәиси Әсқәр Қасимий өткән 2020-жили корона вируси вабасидин мудапийилиниш үчүн йолға қоюлған чәклимиләр сәвәвидин Роза һейтта җамаәтниң бирликтә һейт намизини оқуялмиғанлиғини, әмма бу жил җамаәт өз ара дидарлишип, бирликтә намаз оқуғанлиғини билдүрди. У җамаәтни улуқ Рози һейт байрими билән тәбрикиди.

Қирғизстан уйғурлириниң урп-адәтлирини, сәнъитини, мәдәнийитини, шундақла тилини сақлаш һәм риваҗландурушқа тиришчанлиқ көрсәтмәктә. Улар уйғур тарихидики муһим вақиәләрни хатириләш паалийәтлирини уюштуруп кәлмәктә. Егилишимизчә, алдинқи жиллири Роза һейитларда мечит алдида дуттар вә нағра челип, җамаәт уссул ойнап, хошал-хорәм һалда һейит-айәмләрни тәбрикләшкән еди, лекин кейинки жилларда түрлүк сәвәбләр түпәйлидин бу паалийәтләр барғансери суслап кәтти.

**Ферузә**

# تۈركىيەدىكى بەزى شەھەرلىك پارلامېنتتىكى پارتىيەلەر بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينى قاتتىق ئەيىبلىدى

تۈركىيەدىكى بەزى شەھەرلىك پارلامېنتلار ۋە بەزى تەنتەربىيە مەستانىلىرى ئۇيۇشمىلىرى ئارقا-ئارقىدىن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلەپ بايانات ئېلان قىلدى. تۈركىيەنىڭ چۇكۇروۋا شەھەرلىك پارلامېنتىدىكى جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسى گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئابەيدۇللاھ قولجۇ ئەپەندى، ياخشى پارتىيەسىنىڭ مەسئۇلى نەۋزات خىز ئەپەندى، مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى ئۆزگۈر ئاتەش ئەپەندى ئورتاق تەييارلىغان باياناتنى شەھەرلىك پارلامېنتتا ئوقۇغان. 25-ئاپرېل كۈنى ئېلان قىلىنغان مەزكۇر باياناتتا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىنسانىيەتكە قارشى سىياسىتىنى دەرھال توختىتىشقا، بۇ مەسىلىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغان. باياناتتا مۇنۇلار دېيىلگەن: «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيەتى 2016-يىلىدىن تارتىپ، ئۇيغۇر تۈركلىرى ۋە باشقا بارلىق تۈركىي قېرىنداشلىرىمىزغا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئېغىر زۇلۇم ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتتۇر. ئەپسۇسكى بۇ جىنايەت كۈنىمىزدىمۇ داۋام قىلماقتا. خىتاي تېررورغا قارشى كۆرەشنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، مىليونلىغان ئۇيغۇرنى لاگېرلارغا تاشلىغان بولۇپ، بۇ ئۇيغۇرلار ئىنسانلىق قېلىپىدىن چىققان مۇئامىلىگە دۇچار بولماقتا. ئۇيغۇر خانىم-قىزلار باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىماقتا، تۇغماس قىلىپ قويۇلماقتا. بۇنى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلار, بولۇپمۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كۈنتەرتىپىگە ئېلىپ كېلىپ دەرھال ھەل قىلىش يولىنى تېپىشى كېرەك ».



چۇكۇروۋا شەھەرلىك پارلامېنتتىكى 3 سىياسىي پارتىيە ئورتاق ئېلان قىلغان بايانات مۇنداق ئاخىرلاشقان: «بىز جۇمھۇرىيەت خەلق پارتىيەسى، ياخشى پارتىيەسى ۋە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن خىتاينىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئېلىپ بېرىۋاتقان بېسىم سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشقا داۋام قىلىش بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان زۇلۇم تۈگىگۈچە ئۇلارنىڭ ئاۋازى بولۇشقا داۋام قىلىمىز ».

بۇنىڭدىن باشقا ئىزمىر قاراباغلار شەھەرلىك پارلامېنتتىكى جۇمھۇرىيەت ۋە ئىيى پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى دۆلەتلىرىنى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشكە چاقىردى. مەزكۇر باياناتتا ئۇيغۇر مەسىلىسىدە تۈركىيەنىڭ باشلامچىلىق رولى ئوينىشى كېرەكلىكى، تۈركىيەنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

بۇلاردىن سىرت تۈركىيەنىڭ بېشىكتاش ۋە فەنەرباغچە تەنتەربىيە قۇلۇپلىرى مەستانىلىرىمۇ ئىجتىمائىي تاراتقۇلار ئارقىلىق كۆز-قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىتىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارغا ئىگە چىقىشقا چاقىردى.

**ئەركىن تارىم**

# ئانتونىي بلىنكېن ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زىيانكەشلىكلىرىنى ئەيىبلىگەن



ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونىي بلىنكېن 7-ماي خىتاي مەنسەپدىشى ۋاڭ يى رىياسەتچىلىك قىلغان ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى يىغىنىدا ۋاستىلىك ھالدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زىيانكەشلىكلىرىنى ئەيىبلىگەن.

رويتېرسنىڭ خەۋەر قىلىشىچە, بلىنكېن ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئاراغا بەرگەن ۋەدىسىدە چىڭ تۇرۇشى, كىشىلىك ھوقۇققا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقى باراۋەرلىك پرىنسىپىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

بلىنكېن مۇنداق دېگەن: «دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ھەر قانداق بىر دۆلەتكە ئىنسانلارنى قۇل قىلىش, قىيناش, غايىب قىلىۋېتىش, ئۆز خەلقى ئۈستىدىن ئېتنىك تازىلاش ئېلىپ بېرىش, ياكى ھەرقانداق باشقا ئۇسۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى-تەرۇز قىلىش ھوقۇقى بەرمەيدۇ».

2-ماي ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بلىنكېن KOC تېلېۋىزىيە قانىلىغا قىلغان سۆزىدە كىشىلىك ھوقۇق بۇزغۇنچىلىقىنىڭ خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگەن ۋە خىتاينىڭ ئۇنىۋېرسال كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ھەققىدە خەلقئاراغا بەرگەن بۇ ۋەدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئەينى ۋاقىتتىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مايك پومپېيو 19-يانۋار بايانات ئېلان قىلىپ, خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ۋە «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى جاكارلىغان ئىدى.

**جۇمە، ر ف ئا**

# G7 يىغىنىدا ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ۋە خىتاينى ئورتاق جازالاش مۇھىم تېما بولدى



3-ماي ئەنگلىيە پايتەختى لوندوندا G7 ئە يەنى «تەرەققىي قىلغان 7 دۆلەت» نىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرىنىڭ يىغىنى بولدى. بۇ 2019-يىلىدىن بۇيان 7 دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ تۇنجى قېتىم بىر ئارىغا كېلىپ يۈزتۇرانە سۆھبەتلىشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. خىتاي، روسىيە، سۈرىيە ۋە كورونا ۋىروسى مەسىلىسى 3 كۈن داۋاملىشىدىغان مەزكۇر يىغىننىڭ ئاساسلىق كۈنتەرتىپىنى تەشكىل قىلغان بولسىمۇ، 4-ماي كۈنىگە كەلگەندە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ۋە خىتاينى ئورتاق جازالاش تېمىسى يىغىننىڭ يادرولۇق كۈنتەرتىپىنى ئىگىلىگەن.

«گېرمانىيە دولقۇنلىرى» رادىيوسىنىڭ 5-ماي گېرمانىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقى ۋە فىرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مەلۇماتلىرىدىن نەقىل ئېلىپ تارقاتقان «گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ماس غەربتىكى 7 دۆلەتنى ئورتاق ھالدا خىتايغا قارشى ئىستراتېگىيە تۈزۈشكە چاقىردى» ناملىق خەۋىرىدە بايان قىلىنىشىچە، بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئامېرىكا، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، كانادا، ياپونىيە قاتارلىق G7 گە ئەزا دۆلەتلەرنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى قاتناشقاندىن سىرت، ساھىپخان دۆلەت بولغان ئەنگلىيەنىڭ تەكلىپى بىلەن يەنە ھىندىستان، ئاۋستىرالىيە ھەم كورىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرىمۇ قاتناشقان.

خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، خىتاي بىلەن مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنى ئىمزالىغان، خىتاينىڭ G5 تور ئېقىمىنى چەكلەش مەسىلىسىدە بىر قارارغا كېلەلمىگەن ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدا ئىلگىرى مەلۇم دەرىجىدە پىكىر ئىختىلاپلىرى ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى يىغىندا بۇ ئىختىلاپلارغا ئاساسىي جەھەتتىن خاتىمە بېرىلگەن.

ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ۋە خىتاينى ئورتاق جازالاش تېمىسى مۇھىم كۈنتەرتىپنى ئىگىلىگەن 4-مايدىكى يىغىندىن كېيىن ئامېرىكانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك بىر ئەمەلدارى فىرانسىيە ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا: «G7 گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا خىتاي مەسىلىسى ياكى باشقا مەسىلىلەردە ھېچقانداق ھەقىقىي بىر پىكىر ئىختىلاپى بولمىدى» دېگەن.

ئانگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دومىنىك راب يىغىندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بلىنكىن بىلەن غەرب قىممەت قاراشلىرىنى قوغداش جەھەتتە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلغانلىقىنى، ئامېرىكا بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىدىغانلىقىنى، خىتايدىن ئۆز مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلىشنى تەلەب قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە خىتاي بىلەن تۈزگەن خوڭكوڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەھدىنامىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن.

ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بلىنكىن بولسا: «بىزنىڭ مەقسىتىمىز خىتاينى چەكلەش ياكى خىتاينى باستۇرۇش ئەمەس، بەلكى غەربنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن خەلقارا تەرتىپنى قوغداش، خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق دۆلەتنىڭ ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش» دېگەن.

تۈركىيە ھاجەتتەپە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئىستراتېگىيە مۇتەخەسسىسى دوكتور ئەركىن ئەكرەم ئەپەندىنىڭ قارىشىچە، G7 گۇرۇھىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە ۋە خىتاينى ئورتاق جازالاشقا ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشى ئۇيغۇر دەۋاسى نۇقتىسىدىن تارىخىي بىر بۆسۈش بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

4-مايدىكى يىغىندا گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ھايكو ماس مۇنداق دېگەن: «مۇستەبىت دۆلەتلەر ياكى مۇشتۇمزور ھۆكۈمرانلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئەندىزىلىرى ئارقىلىق ئەركىنلىك، دېموكراتىيەگە جەڭ ئېلان قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ سەۋەبتىن G7 رامكىسى ئىچىدە ئورتاق قىممەت قاراشلىرىنى تۇرغۇزۇش ، ئورتاق ئىستراتېگىيە بەلگىلەش ياخشى بىر ئىش. بىز غەربتىكى 7 دۆلەت ئەركىن دۇنياغا مەنسۇپمىز. بىز ئەركىن تىجارەتنى ئۈمىد قىلىمىز، بەزى دۆلەتلەرگە ئوخشاش تەڭپۇڭسىز كېلىشىملەرنى ئەمەس».

ماس يەنە «ئىقتىسادىي مەنپەئەت ھەممە يەردە مەۋجۇت، ئەمما خىتاي بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىككە تېخىمۇ كۆپرەك ئېتىبار بېرىش لازىم» دېيىش بىلەن بىرگە، G7 گۇرۇھىنىڭ خىتايغا قارشى ئورتاق ئىستراتېگىيە تۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغان.

گوللاندىيەدىكى ۋەزىيەت ئانالىزچىسى ئاسىيە ئۇيغۇر خانىمنىڭ تەكىتلىشىچە، دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بۇ 10 دۆلەتنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە قويۇشى ھەم خىتايغا قارشى پىكىر بىرلىگى شەكىللەندۈرۈشى زور تارىخىي ئىلگىرىلەش سانىلىدىكەن.

بۇ قېتىمقى G7. ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە، خىتاي بىلەن بولغان سۈركىلىشى كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان ئەنگلىيە بۇ قېتىمقى G7 يىغىنىنىڭ ساھىبخانلىقىنى، رىياسەتچىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى نامايان قىلىپلا قالماي، مەۋجۇت خەلقارا كۈنتەرتىپنىڭ ئىجادكارى ۋە قوغدىغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇشتەك سالاھىيىتىنى خىتايغا يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ قويغان.

مۇھىمى ، دۇنيادىكى سەرخىل 10 دۆلەتنىڭ خىتايغا قارشى بىر مەۋقە ئاستىغا جەم بولالايدىغانلىقىدىن بېشارەتلەر بەرگەن.

بى-بى-سى نىڭ 4-مايدىكى بۇ خۇسۇستا ئېلان قىلغان خەۋىرىدە تىلغا ئېلىنىشىچە، G7 گۇرۇھىنىڭ يىللىق ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 40 تىرىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىغان بولۇپ، بۇ پۈتۈن يەرشارى ئىقتىسادى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدىكەن.

**ئەكرەم، ر ف ئا**

# Американиң «Бүркүт һәрикити қанун лайиһәси» дә кишилик һоқуқ мәсилиси



Америка Авам палатиси Малийә комитетиниң әзаси Григори Микс йеқинда Авам палатиси Ташқи ишлар комитетиниң рәислигигә тәйинләнгән болуп, у 25-май күни Асия җәмийити сәясәт-тәтқиқат институтиниң тәкливи билән «Американиң дунийадики йетәкчилик орниға вә хәлиқара ишларға қатнишишиға капаләтлик қилиш қанун лайиһәси»ни тонуштурди. Бу лайиһә қисқичә «Бүркүт һәрикити қанун лайиһәси» дәп атилиду. Күч-қудрәт, һошуярлиқ вә тезликниң символи болған Бүркүт Американиң дөләт обризиға вәкиллик қилидиған қуш болуп, мәзкур қанун лайиһәси асасән Американи күчләндүрүп, Хитайға тақабил туруш стратегияси һесаплиниду вә пат арида дөләт мәҗилисидин өтүп, Байден һөкүмитиниң ташқи сәяситигә тәсир көрситиш еһтимали чоң.

Авам палатиси Ташқи ишлар комитетиниң рәиси Григори Микс сөзиниң бешидила Хитайни тилға елип, Американи йетәкчи қилған хәлиқара тәртипни қоғдаш үчүн Хитай тәһдитигә тақабил туруш керәклигини, чүнки бу хәлиқара тәртипниң илгири Асия қитъәси вә башқа районларға нәччә он жиллиқ гүллиниш вә нисбий тиничлиқ елип кәлгәнлигини билдүрди. У Хитайниң нәччә он жилдин бери әқлий мүлүк вә техника оғрилиғи билән шуғуллинип, бир яқтин өзидики әрзән баһалиқ әмгәк күчидин пайдилнип, дуния иқтисадини монупул қилишқа урунуп кәлгәнлигини, бүгүнки күндә иқтисад вә һәрбий күч җәһәттә тәрәққий қилип, хошна дөләтләргә, һәтта Америка вә униң иттипақдашлириға хирис қиливатқанлиғини көрсәтти.

Григори Микс Американиң һәргиз өзидин мәғрурланмаслиғи, бәлки иттипақдашлири билән бурунқидәк хәлиқара тәртип орнитиши керәклигини, алдинқи нөвәтлик һөкүмәтниң буниңға сәл қариғанлиғини, әгәр Америка хәлиқара сәһнидә бир орунни бош қойса, Хитайниң уни дәрһал толдурушқа урунидиғанлиғини, буниңдин кейин Хитайға һәргиз йүз хатирә қилмаслиқ керәклигини билдүрди вә Американиң рәһбәрлик орниға чиқишида муһим болған төрт түрлүк принсипни оттуриға қоюп мундақ деди: «Биринчи, биз Хитай күнсери тәсирини кеңәйтиватқан районларда вә көп дөләтлик органларда дипломатик хизмәтлиримизни қанат яйдурушимиз керәк; иккинчи, биз чоқум көзимизни йоған ечип, мәнпәәтимиз қәйәрдә болса, шу йәрни қоғдишимиз керәк; үчинчи, биз чоқум ядролуқ қиммәт қаришимиз асасида рәһбәрлик ролимизни җарий қилдурушимиз керәк. Бу дегәнлик, Хитайниң кишилик һоқуқ җинайитини қорқмай туруп давамлиқ җакарлишимиз керәк; Төртинчи, биз мумкин қәдәр Хитай билән уруш қилиштин сақлинишқа тиришишимиз керәк».

Григори Микс жуқириқи нишанларға йетиш үчүн зөрүр болған «Бүркүт һәрикити қанун лайиһәси» ни тонуштуруп мундақ деди: «Бу қанун лайиһәси Американиң йәр шаридики йетәкчилик орниға капаләтлик қилиш үчүн түзүлди. Алди билән, биз ташқи мунасивәтләрни күчәйтидиған муһим вәзипиләрни орунлишимиз керәк. Америка Ташқий ишлар министрлигигә Һинд-Тинич океан районига селинидиған адәм вә малийә күчи ярдимини көпәйтиш һоқуқи бериду һәмдә Американиң көп дөләт билән һәмкарлишиш, Американиң рәһбәрлик орнини күчәйтиш вә БДТ ға охшаш хәлиқаралиқ органларға қатнишиш һәрикитини илгири сүриду; иккинчидин, бу қанун лайиһәси ечиветилгән сода вә қанун-низамға тайиниду; үчинчидин, бу қанун лайиһәси бойичә болғанда, Америка чоқум дунияви климат өзгириши, дуния сәһийә сағламлиғи вә ядро бехәтәрлиги қатарлиқ йәр шари характерлик мәсилиләрдә сәпниң алдида туруши керәк; төртинчидин, бу қанун лайиһәси арқилиқ Америка өзиниң қиммәт қаришиға йетәкчилик қилалайду. Бу қанун лайиһәсидә, Хитайдики уйғурларни қул қилип ишлитиш арқилиқ әмгәк тән-нәрхини ашуруветиш дегәндәк кишилик һоқуқ җинайәтлиригә чарә қоллинишниң конкрет басқучлири, шундақла, зиянкәшликкә учриғучиларни вақитлиқ қоғдаш вә уларға панаһлиқ бериш, бу салаһийәтни дөләт мәҗилисидин өткүзүш қатарлиқ маддилар орун алған. Ахирқи һесапта , бу қанун лайиһәси Американиң иқтисад дипломатсийәси вә дөләт башқуруш стратегиясигә маслишиду.

Григори Микс сөзиниң хуласисидә мундақ деди: «Хитай мәйли немә қилсун, Американиң әтә қилидиған вәзиписи ениқ. Дипломатия - бизниң алға илгириләш йолимиз. Һәрбий күчимиз дунияда биринчи орунда туриду. Биз дөләт органлиримизға мәбләғ селишимиз керәк , бизниң хәлиқаралиқ иттипақимиз һәммидин муһим. Булар бизниң алаһидә вә узаққа бәрдашлиқ берәләйдиған икки енергиямиздур. Биз әнди ‹Әң башта Америка› дегән шоарни товлап жүрсәк болмайду.

Ахирида, Григори Микс тәтқиқатчилар, дипломатлар вә башқа аңлиғучиларниң соаллириға җаваб бәрди. Бу җаваблирида у өзиниң африкалиқ көчмәнләрниң әвлади болуш сүпити билән, кишилик һоқуқ мәсилисигә интайин көңүл бөлгән.

**Җәвлан,**
**Вашингтон (АҚШ),**
**27.05.2021.**




# Литва Хитайниң Шәрқий Европида қурған 17 +1 топидин чекинип чиқти

Литва ташқи ишлар министириниң «ПОЛИТИКО» гезитигә бәргән интервьюсида, Литва Хитайниң Шәрқий Европидики 17 +1 топидин чекинип чиққан вә мәзкур топқа әза башқа Европа Иттипақи әллириниму шундақ қилишқа дәвәт қилған.

Литва ташқи ишлар министири Габриелиус Ландсбергис «ПОЛИТИКО» ға йоллиған елхетидә мундақ дейилгән: «Әмәлий еһтияж түпәйли Литваниң Хитайниң 17 + 1 топидин чиқип кәткән» лигини ейтқан.

Европа Иттипақидики башқа дөләтләрниму Бейҗиңниң бу тәсиридин ваз кечишкә чақирған. Хәвәргә қариғанда, Ландсбергис мундақ дегән: «Бизниң қаришимизчә, һазир Европа Иттипақиниң бөлүнгән 16 + 1 әндизисидин ваз кечип, техиму иттипақлишидиған һәмдә техиму үнүмлүк 27 + 1 гә қарап силҗийдиған пәйт кәлди.

Хитайниң Европа әллири иттипақидики баянатчиси Литваниң бу һәрикитидин хәвәрсиз екәнлигини билдүргән.

Мәлум болушичә, Литваниң бу һәрикити Хитай билән Европа Иттипақи мунасивәтлириниң күнсери яманлишиватқанлиғини испатлайду.

20 - май күни, Европа парламенти беләт ташлап, Хитайниң уйғурларға қаратқан бастуруш сәясити сәвәблик, Европа Иттипақиниң Хитай билән болған мәбләғ селиш келишимини тоңлатқан.

Униңдин башқа, Литва парламенти 20-май күни Хитай һөкүмитиниң уйғурларға қаратқан бастуруш сәясәтлириниң характерини рәсмий һалда «инсанийәткә қарши җинайәт» вә «уйғур қирғинчилиғи» дәп бекиткән еди.

***Мәмәтҗан Җүмә, «RFA»***
***2021-05-23***

# Пакистанниң панаһлиқ издәп чиққан уйғурларға зәрбә бериватқанлиғи мәлум

Пакистанниң Хитайниң зиянкәшлигидин қечип, мәзкур дөләткә панаһлиқ издәп чиққан уйғурларға зәрбә бериватқанлиғи мәлум. «Вайс» агентлиғиниң хәвәр қилишичә, Пакистандики «Өмәр уйғур вәхпи» ниң қурғучиси Өмәр уйғур әпәндим бир нәччә жиллардин буян Хитайдин қачқан онлиған уйғурларниң Пакистанға келип панаһлинишиға ярдәмдә болған. Һалбуки, нөвәттә һазир Пакистанниң вәзийити начарлашқан. Хитай һөкүмитиниң бесими астида Пакистан сақчилири уйғурларни Хитайға қайтурушқа башлиған болуп, Пакистанни әнди бу дөләткә қечип чиққан уйғурларниң бехәтәр панаһгаһи, дәп қарашқа болмайдикән. Хәвәргә қариғанда, Пакистан даирилири «Хитай-Пакистан ихтисадий коридори» қурулуши үчүн Хитайдин алған 60 миллиард долларлиқ қәрз мәблиғи сәвәбидин Хитайниң қаттиқ бесимиға дуч кәлгән. Хәвәрдә көрситишичә, Өмәр Уйғурниң һимайисигә еришкән уйғур мусапирлардин бири болған Нияз Ғопур: «Пакистан һөкүмити Хитай буйруған һәр қандақ ишни қилиду. Уйғурлар ‹Хитай-Пакистан иқтисадий коридори› сәвәбидин қаттиқ изтирап чекиватиду»,дегән.

Мәлум болушичә, Хитай паспортлуқ уйғурларниң Пакистанда туруши қийинлашқандин кейин «Өмәр Уйғур вәхпи» уларға 3-бир дөләттин панаһгаһ издәшкә башлиған. Өмәр Уйғурниң ейтишичә, Хитай һөкүмити Хитай паспорти бар уйғурларниң Пакистандин айрилишини һәссиләп тәсләштүргәндин кейин, Өмәр Уйғур БДТ ниң мунасивәтлик органлириға мураҗиәт қилишқа башлиған.

***Мәмәтҗан Җүмә, «RFA»***
***2021-05-23***

## Сократ вә оқуғучи

*Бир күни Сократ оқуғучилири билән сөһбәт қиливатқанда, бир оқуғучи Сократтин мундақ бир соал сорапту:*

*– Әгәр демократийәдә көпчиликниң қарарини қобул қилса, адиллиқ дегән мана шу әмәсму? Мәсилән: бир қарарниң мақуллинишиүчүн 100 кишиниң ичидин 51 киши қарарниң мақуллинишиүчүн аваз бәргән болса, ундақта бу қарарни мақуллаш әлвәттә адил вә тоғра болған болиду. Яки қарши аваз бәргән 49 кишиниң авази бойичә қарарни рәт қилиш керәкму? Мениңчә әң көп мумкинчилик шуки, көп инсанниң аз инсанға қариған хаталишишиш еһтималлиқ техиму аз болиду. Шу вәҗидин сизниң демократийәгә қарши чиқишиңиз тоғра болмиғинидәк һәқлиқму һесабланмайсиз.*

*Бу сөзләрни аңлиған Сократ һәр вақиттикидәк соал қоюш усули бойичә, алди билән у оқуғучидин мундақ соал сорапту:*

*– қени бизгә дәп бақә, билимлик адәм болуш тәсму, яки надан – жаһил болушму?*

*Оқуғучи:*

*– Әлвәттә вә һеч шүбһисиз билимлик болуш тәс. Чүнки билимлик болуш үчүн көп оқушқа, көп тәтқиқ қилишқа тоғра келиду вә надан – жаһил болуш үчүн бир иш қилишниң һаҗити йоқ.*

*Сократ:*

*– Бопту, ундақта ейтип бақә, җәмийәттә надан – жаһил инсанлар көпму? Яки болмиса билимлик инсанлар көпму?*

*Оқуғучи:*

*– Әлвәттә вә һеч шүбһисиз надан – жаһил инсанларниң сани көп.*

*Сократ:*

*– Бопту, қени йәнә ейтип бақә, бир кемидә 100 йолучи болған болса, кеминиң қәйәрдә, қайси йөлүнүшкә йәлкән ечишини капитан яхши биләмду? Яки ашу 100 йолучиму?*

*Оқуғучи:*

*– Әгәр йолучилар ичидә деңизчилик билимлирини билидиғанлар болмиса, тәбиий һалда әң яхши билидиған адәм кеминиң капитанидур.*

*Сократ:*

*– Бопту, ундақта шундақ дейәләймизки һәрким һәр мәсилә үстидә қарар бирәлмәйду. Һәрким өзи билидиған саһә тоғрисида гәп қилиши лазим. Һәр ишни шу ишниң әқлигә ташлап беришимиз керәк.*



*Оқуғучи:*

*– Тоғра, тәбиий һалда мошундақ болуши лазим.*

*Сократ:*

*– Ундақта қени ейтип бақә, кимниң қайси саһәдә билимлик екәнлигини биләлмидим. Пәқәт көп авазни тәшкил қилғанлиғи үчүнла қарарларни мақуллашни қобул қилиш адил вә тоғра болған боламду? Һәмдә назир җәмийәттә надан – жаһилларниң санини билимликләрдин көп болидиғанлиғини сәнму өз ағзиң билән етирап қилдиң.*

*(Қәдимий грек пәлсәпә алими Платонниң «Дөләт» китавидин елинди).*

*Тәйярлиғучи:* **Һәбибулла Аблимит**

## سوكرات ۋە ئوقۇغۇچى

بىر كۈنى سوقرات ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن سۆھبەت قىلىۋاتقاندا، بىر ئوقۇغۇچى سوكراتتىن مۇنداق بىر سوئال سوراپتۇ:

- ئەگەر دېموكراتىيەدە كۆپچىلىكنىڭ قارارىنى قوبۇل قىلسا، ئادىللىق دېگەن مانا شۇ ئەمەسمۇ؟ مەسىلەن: بىر قارارنىڭ ماقۇللىنىشى ئۈچۈن 100 كىشىنىڭ ئىچىدىن 51 كىشى قارارنىڭ ماقۇللىنىشى ئۈچۈن ئاۋاز بەرگەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ قارارنى ماقۇللاش ئەلۋەتتە ئادىل ۋە توغرا بولغان بولىدۇ. ياكى قارشى ئاۋاز بەرگەن 49 كىشىنىڭ ئاۋازى بويىچە قارارنى رەت قىلىش كېرەكمۇ؟ مېنىڭچە ئەڭ كۆپ مۇمكىنچىلىك شۇكى, كۆپ ئىنساننىڭ ئاز ئىنسانغا قارىغان خاتالىششش ئېھتىماللىق تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سىزنىڭ دېموكراتىيەگە قارشى چىقىشىڭىز توغرا بولمىغىنىدەك ھەقلىقمۇ ھېسابلانمايسىز.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سوكرات ھەر ۋاقىتتىكىدەك سوئال قويۇش ئۇسۇلى بويىچە، ئالدى بىلەن ئۇ ئوقۇغۇچىدىن مۇنداق سوئال سوراپتۇ:

- قېنى بىزگە دەپ باقە، بىلىملىك ئادەم بولۇش تەسمۇ، ياكى نادان - جاھىل بولۇشمۇ؟

ئوقۇغۇچى:

- ئەلۋەتتە ۋە ھېچ شۈبھىسىز بىلىملىك بولۇش تەس. چۈنكى بىلىملىك بولۇش ئۈچۈن كۆپ ئوقۇشقا، كۆپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ۋە نادان - جاھىل بولۇش ئۈچۈن بىر ئىش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

سوكرات:

- بوپتۇ، ئۇنداقتا ئېيتىپ باقە، جەمىيەتتە نادان - جاھىل ئىنسانلار كۆپمۇ؟ ياكى بولمىسا بىلىملىك ئىنسانلار كۆپمۇ؟

ئوقۇغۇچى:

- ئەلۋەتتە ۋە ھېچ شۈبھىسىز نادان - جاھىل ئىنسانلارنىڭ سانى كۆپ.

سوكرات:

- بوپتۇ، قېنى يەنە ئېيتىپ باقە، بىر كېمىدە 100 يولۇچى بولغان بولسا، كېمىنىڭ قەيەردە، قايسى يۆلۈنۈشكە يەلكەن ئېچىشنى كاپىتان ياخشى بىلەمدۇ؟ ياكى ئاشۇ 100 يولۇچىمۇ؟

ئوقۇغۇچى:

- ئەگەر يولۇچىلار ئىچىدە دېڭىزچىلىك بىلىملىرىنى بىلىدىغانلار بولمىسا، تەبىئىي ھالدا ئەڭ ياخشى بىلىدىغان ئادەم كېمىنىڭ كاپىتانىدۇر.

سوكرات:

- بوپتۇ، ئۇنداقتا شۇنداق دېيەلەيمىزكى ھەركىم ھەر مەسىلە ئۈستىدە قارار بىرەرمەيدۇ. ھەركىم ئۆزى بىلىدىغان ساھە توغرىسىدا گەپ قىلىشى لازىم. ھەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەقلىگە تاشلاپ بېرىشىمىز كېرەك.

ئوقۇغۇچى:

- توغرا، تەبىئىي ھالدا مۇشۇنداق بولۇشى لازىم.

سوكرات:

- ئۇنداقتا قېنى ئېيتىپ باقە، كىمنىڭ قايسۇ ساھەدە بىلىملىك ئېكەنلىگىنى بىلەلمىدىم. پەقەت كۆپ ئاۋازنى تەشكىل قىلغانلىغى ئۈچۈنلا قارارلارنى ماقۇللاشنى قوبۇل قىلىش ئادىل ۋە توغرا بولغان بولامدۇ؟ ھەمدە ھازىر جەمىيەتتە نادان - جاھىللارنىڭ سانىنىڭ بىلىملىكلەردىن كۆپ بولىدىغانلىغىنى سەنمۇ ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېتىراپ قىلدىڭ.

(قەدىمىي گرېك پەلسەپە ئالىمى پلاتوننىڭ «دۆلەت» كىتاۋىدىن ئېلىندى).

تەييارلىغۇچى: ھەبىبۇللا ئابلىمىت

Философские беседы

## Сократ и ученик

Однажды, во время беседы ученик задал Сократу следующие вопросы:

- Если демократия принимает решение большинства, разве это не означает справедливость? Например, если бы 51 человек из 100 проголосовал за резолюцию, то это, безусловно, было бы справедливо и правильно. Или решение следует отклонить 49 голосами? Я думаю, что наиболее вероятно, что большинство людей с меньшей вероятностью совершат ту же ошибку. Вы не считаете нужным комментировать подобные измышления.

Поняв эти слова, Сократ, как обычно, задал ученику следующие вопросы:

- Трудно ли нам получить образование или быть несведущим - это невежество?

*Ученик:*

- Конечно, получить образование сложно. Потому что, нужно много учиться, много исследовать, чтобы получить образование, и нет необходимости делать что-либо, чтобы оставаться в неведении.

*Сократ:*

- Ну, скажем так, много ли в обществе несведущих и невежественных людей? Или есть люди более образованные?

*Ученик:*

- Конечно, и несомненно большое количество несведущих людей.

*Сократ:*

- Что ж, вы можете сказать мне еще раз, если на борту было не менее 100 пассажиров, капитан знал точно, куда и в каком направлении должен плыть корабль? Или это больше 100 пассажиров?

*Ученик:*

- Если среди пассажиров нет никого, кто знает мореплавание, лучше всех знает, естественно, капитан лодки.

*Сократ:*

- Ну, тогда давайте просто скажем, что не все решают все вопросы. Каждому нужно говорить о своей области, которую он знает. Мы должны оставить все на усмотрение этой работы.

*Ученик:*

- Тогда это просто стало нашим вниманием.

*Сократ:*

- Ну, по крайней мере, я не спустился, не объяснив сначала себя. Было бы справедливо и правильно принимать решения только потому, что они составляют большинство голосов? И теперь вы сами признали, что количество несведущих и невежественных людей в обществе сейчас больше, чем количество знатоков.

**(ИЗ КНИГИ ДРЕВНЕГРЕЧЕСКОГО ФИЛОСОФА ПЛАТОНА «ГОСУДАРСТВО»).**

Подготовил: Хабибулла Аблимит

# Влияние политических репрессий 30-х годов на развитие культуры и быта уйгуров Советского Кыргызстана



**Маттмусаева Феруза,**
*востоковед, журналист*

В данной статье рассматриваются причины ассимиляции уйгуров, проживающих на территории современного Кыргызстана вследствие политических репрессий 30-х годов. Преследования в отношении уйгуров, беспочвенные обвинения и вынужденное укрывательство национальной принадлежности, отказ от использования уйгурского языка, народных обрядов, традиций, и как следствие утеря национальной идентичности.

Уйгуры - один из самых древних этносов тюркского корня, поэтому народ имеет наиболее богатую историю и культуру в сравнении в другими этносами из потомков Ашина.

В разные периоды истории уйгуры занимали обширные территории Центральной Азии и Юго-Восточной Сибири. Переживая тысячелетнюю историю, уйгуры были инициаторами различных исторических процессов, (политических союзов, развитие торгово-ремесленных отношений и т.д.), но порой и сами уйгуры были вовлечены в эти процессы, которые оказывались роковыми в судьбе народа.

После падения Уйгурского каганата в 840 году, уйгуры создавали новые ханства и государства, основная территория которых приходилась на земли Центральной Азии и Турфанского оазиса. В современной истории, принято считать исторической родиной уйгуров - Синьцзян-Уйгурский автономный район КНР, т.е. Восточный Туркестан, но уйгуры исторически проживают и за пределами обозначенной территории. В настоящее время наиболее многочисленны уйгуры в странах Средней Азии таких как: Казахстан, Кыргызстан и Узбекистан.

Будучи оседлым народом, уйгуры развивали свою культуру и быт. Мастерство уйгурских зодчих и ювелиров славились за пределами проживания уйгуров.

Колониальная политика империи Цин вынудили уйгуров переселиться в Среднеазиатский регион. Из сочинений Ч. Валиханова мы знаем, что после восстания Джахангира Ходжи, в Ферганскую долину переселилось более 300 тысяч уйгуров.

На территории Кыргызстана, расселение уйгуров было неравномерным, так как оно проходило в течение нескольких столетий. Прежде всего уйгурами были освоены долины. На юге республики, в Ферганской долине, в основном были выходцы из Кашгара. Уйгуры-кашгарлыки были сосредоточены вокруг или внутри крупных городов – Ош, Узген, Джалал-Абад. На севере Кыргызстана в основном были выходцы из Илийского края, они расселялись в основном в Аламединском и Кантском районах, городах Токмак и Кара-балта, а также близ г.-Пишпек. Также уйгуры селились на южном побережье озера Иссык Куль в г. Каракол, а в Нарынской области в с. Ат-Башы.

Несомненно, уйгуры, являясь носителями богатейшей культуры, оказывали влияние и на культуру соседних народов, но уровень воздействия также был неравномерным, а в последующие годы для развития национальной особенности уйгуров в быту и ремесле в новой среде были определенные сложности.

Опираясь на полевые исследования доктора и. н. Каримовой Р.У, а также личных наблюдений, обычаи и быт уйгуров, проживающих на юге Кыргызстана, становится очевидным, что уйгуры не имели возможности развивать искусство в своей этнической особенности, так как на территории Ферганской долины уже практиковалось схожее ремесло с установившимися порядками. Это можно наблюдать и в ювелирном мастерстве, и в зодчестве, и в других видах прикладного искусства. Также следует учитывать и численное превосходство узбекского населения в регионе.




Гонения на уйгуров, обвинения в шпионаже и антисоветской пропаганде окончательно подорвало положение уйгуров в советском обществе. Эти процессы значительно ускорили ассимиляцию уйгуров с местным узбекским населением. Аналогичная ситуация наблюдается в городе Токмак.

Если в южной части региона, ассимиляция проходила долгие годы и постепенно в тесном соседстве с узбекским народом, и была ускорена во второй половине 1930-х годов. то в г. Токмак, это процесс прошел значительно быстро, вследствие политических репрессий. Сталинские репрессии 30-х годов XX в. также повлияли на ассимиляцию уйгуров Иссык-Кульской и Нарынской областей.

Уйгуры характеризуются трудолюбием и упорством, что несомненно дает свои плоды. В период становления советской власти, уйгуры принимали активное участие в общественной жизни, были в составе союза «Кошчи», который отстаивал права крестьян, а позднее в составе «Кошчи» создали союз «Уйгур». Задачами союза были не только политические и хозяйственные вопросы сельского хозяйства, но и вопросы развития образования и культурно-просветительские работы. В частности, активисты союза «Уйгур» усердно занимались привлечением детей школьного возраста к получению образования, ликвидации безграмотности и взрослого населения. В начале 20-х годов прошлого века в Кыргызстане было около 10 начальных образовательных школ на уйгурском языке, в том числе и в г.Токмак (в 1924 году была основана уйгурско-татарско-узбекская начальная школа им. А.Навои), также были курсы по изучению уйгурского языка для взрослых. Данный факт свидетельствует о том, что в период становления советской власти, население Кыргызстана позитивно и с почетом относилось к уйгурскому народу, быть уйгуром считалось престижно.

С началом коллективизации и раскулачивания в СССР в 1928-1930 гг., многие уйгуры, проживающие на территории Киргизской ССР были вынуждены бежать и покинуть свои дома и нажитое хозяйство. Волна сталинских репрессий продолжилась вплоть до начала Второй мировой войны. Правительство Сталина, поставило цель уничтожить всех инакомыслящих и способных мыслить граждан. Районные отделы НКВД, желая выслужится перед Москвой «разоблачали» невинных людей, выбивая признания в шпионаже и антисоветской пропаганде.

В этой кровавой волне были погублены не только представители интеллигенции, но и простые труженики, не имеющие никакого отношения к политическим процессам страны.

В марте 1938 года Народный комиссариат внутренних дел СССР издал ряд приказов, по которым по всей стране должны были произвести изъятие иностранных перебежчиков и других лиц, подозреваемых в шпионаже. Руководством НКВД была дана установка арестовывать всех уйгуров, корейцев, а также представителей других национальностей, независимо от того, когда они прибыли в Кыргызстан и чем занимались. Массовые аресты проводились по всей республике по списку районных отделений. Уйгуры арестовывались повсеместно; на улице, в магазине, в парикмахерской и т.д.

Уже в конце марта 1938 года в г. Ош было арестовано около 2-х тысяч уйгуров по обвинению в шпионаже. Только по Чуйскому району были арестованы все мужчины-уйгуры в количестве 150 человек. Поголовные аресты уйгуров также были произведены и в Каракольском, Тюпском, Кагановическом, Сталинском, Джалал-Абадском районах республики.

Из воспоминаний жительницы г. Токмак, Чуйского района Рано Амиржановны: «… моя мама рассказывала, про то, как забрали моего деда. На улице ходили вооруженные отряды и заходили в дома, где проживали уйгуры. Среди токмокчан был человек, который указывал на дома уйгуров, а моего деда увели ночью из дому в ночной пижаме. И больше ни мама, ни бабушка никто из соседей его не видели»

Абсолютное большинство следственных дел по уйгурам было сфальсифицировано. Обвиняемые, подписывая протокол, даже не знали о его содержании, многие просто прикладывали большой палец. Известны случаи, когда обвиняемые даже не вызывались на допрос, следователи составляли стандартный протокол прикладывая свой палец и отправляли человека на расстрел.

По архивным документам известно, что в ноябре 1938 года близ столицы в с. Чон Таш были расстреляны 137 кыргызстанцев 19 национальностей, из которых было 45 кыргызов и 36 уйгуров, (26,2% ) это при том, что в период репрессий, уйгуры составляли лишь 0,8 % населения. Основная часть расстрелянных в Чон-Таше уйгуров проживали в г. Токмак.

30 августа 1991 года, в этом же селе, останки репрессированных были перезахоронены с государственными почестями в мемориальном комплексе «Ата Бейит», что значит «Кладбище отцов» расположенном в 100 м от места раскопок. Инициатива перезахоронения принадлежит выдающемуся писателю Чингизу Айтматову, чей отец, Торекул Айтматов, также был расстрелян в с. Чон Таш в ноябре 1938 года.

Политические репрессии 30-х годов, оставили мрачный след в истории народов СССР, в том числе и уйгуров. Последствиями тех кровавых лет является утрата уйгурской идентичности у большинства уйгуров Южного Кыргызстана и г. Токмак. Боясь за жизнь своих детей, матери- уйгурки изменяли свою национальность, записывали детей узбеками, если проживали по соседству с узбеками, а если проживали по соседству с кыргызами, то записывались кыргызами.

*(Продолжение на 14 стр.)*

# ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ماقالە ۋە نۇتۇقلىرى

كېيىنكى موشۇ بىر ئىككى يىلدىن بېرى، ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ئايرىم شەخسلەرنىڭ بۆگۈنكىدەك خەلقىمىز بېشىدا ئوت كۆيۋاتقان مۇرەككەپ بىر شارائىتتا ھېچنېمىدىن ھېچنەرسە يوق، تامامەن ئاساسسىز، ختاينىڭ ياساپ چىقارغان بەزى بىر ماتېرىياللىرىغا يۆلەنگەن ھالدا 1944 - 1949 يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمىنى تەپ تارتماستىن، ھەر قانداق تۆپىلاردا خايىن دەپ بىلجىرلاشلىرى، بولۇپمۇ قازاقىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغىدى.

بىز گېزىتىمىزنىڭ موشۇ سانىدىن باشلاپ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ 1946 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان جەريانىدا، ئەشۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان گېزىتلارنىڭ سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان بىر تۈركۈم نۇتۇقلىرىنى ئۆز ئەينى بىلەن خەلقىمىز دىققىتىگە ھاۋالە قىلىشنى لايىق كۆردۇق.

مەزكۇر نۇتۇقلاردىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەندى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەشۇ دەۋىردە يېتىشىپ چىققان ژۇقۇرى بىلىملىك، يېتىلگەن سىياسون بولغانلىقىدىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چوڭقۇر تارىخقا ئىگە مۇستەقىل دۆلىتىنى ئۆز ئەكسىگە كەلتۈرۈپ، قايتا تىكلەش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ خەلقىنى مىللىونلاپ تۈرمىلەرگە سولاپ قىرىۋەتكەن ئىستىبدات ستالىنىنىڭ دەخشەتلىك بېسىمغا قارىماي، جېنىنى تىكىپ قويۇپ ئاخىرقى نەپسىگىچە بىر قەدەم ئارتقا چېكىنمەي كۈرەش قىلغان، مىللەتپەرۋەر، ئالىي جاناپ ئىنسان ئىكەنلىگىدىن قانائەت ھاسىل قىلىسىز. شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ۋەتىنىنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان ئەشۇ ھالقىلىق مەزگىللەردە ۋەزىيەتنىڭ قانداق بولغانلىغى ۋە كىملەرنىڭ قانداق رول ئوينىغانلىغى توغرىسىدا تېگىشلىك مەلۇماتقا ئىگە بولىسىز.

گېزىتىمىزنىڭ نۇۋەتتىكى ھەر بىر سانىنى ئۆتكۈزمەي دىققەت بىلەن كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇڭ.

رېداكسىيە

## زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىلىرى ۋە ئالدىمىزدىكى سايلام

(1946-يىلى، 25 - سىنتەبىر كۈنى ئۈرۈمچى «مەدەنىيەت كلۇبىدا» ئېچىلغان زىيالىي ياشلار زور يىغىنىدا ئۆلكۈلۈك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمي جانابلىرىنىڭ سۆزلىگەن نۇتۇقى)

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

سىزلەر شەھىرىمىزنىڭ زىيالىيلىرى ئۆلكۈمىزدىكى ئېزىلگەن خەلقىنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرىدۇر سىزلەر. سىزلەر ئۆلكۈمىزنىڭ قىممەتلىك گۈللىرىدۇر سىزلەر. سىزلەر بىزنىڭ ئۆز شارائىتىمىزگە مۇۋاپىق بىلىم ئېگىسىدۇر سىزلەر.

بىزنىڭ بۇۋىلىرىمىزدىن قالغان «بىلەكلىك بىرنى يېڭەر، بىلىملىك مىڭنى» دېگەن ئۆزىڭىزگە مەلۇم ماقال بار. مىڭنى يەڭگەندىن كېيىن ھەممىلىرىڭىزنى ھېساپقا ئالساق تۆگۈمەس قۇۋۋەت بولىسىزلەر.

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەبىت كۈچ ئۆزىنىڭ بىلىملىك دۈشمەنلىرىنى ھاياتلىقتىن مەھرۇم قىلىش يولى بىلەنلا يوقۇتۇشقا تىرىشىدۇ. مۇستەبىت كۈچ ئۆزىنىڭ سەياسى دۈشمەنلىرىنى يوقۇتۇشدا ئۇسۇلدىنمۇ ژىركەنمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شىڭ جاڭ ئۆزىنىڭ خوۋۇپلۇك سەياسى دۈشمىنى بولغان بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنى يۈزلەپ يوقاتتى.

مىسال ئۈچۈن ئېلىپ قارىساق شۇرالار ئىتتىپاقىغا بېرىپ ئوقۇپ قايتقان ئۈچيۈز نەچچە بالىنىڭ شىڭ ۋە ئوجوشى تەرىپىدىن ئىككى يۈزچىسى ئۆلتۈرۈلگەن. چۈنكى ئۇلارمۇ سىزلەرگە ئوخشاش ئۆز مىللىتىنىڭ ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ئىدى. مىللەتنىڭ قايغۇسىنى قىلىدىغان، مىللەت غېمىنى يەيدىغان، مىللەت ئۈچۈن ئېچىنىدىغان، مىللەت مەنپەئەتى دېگەن جايدا جانىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان، مىللەت ئىشقىدا يانغان ئالدىنقى سەپتىكى ئاڭلىق مىللەت دۆردەنلىرى زىيالىيلىرىمىزدۇر. بۇ دەرتنىڭ نە قەدەر چوڭلىغىنى، ئىشقىي ئوتىنىڭ زورلىغىنى بىلمەك ئۈچۈن ئېزىلگەن مىللەتنىڭ زىيالىيسى بولماق لازىم. بىزنى سىرتدىن كۆرگەنلەر ناھايىتى تار مىللەتچىلەر دەپ باھا بېرىدۇ. ئۆز مىللىتىدىن باشقا ھېچ كىمنى سۆيمەيدۇ، دەپ بىلىدۇ. ھەقىقەت ئانداق ئەمەس، مەھكۇم مىللەت زىيالىيلىرىنىڭ ئەڭ زور خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى، دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىگىدە ئەلچىسى بولمىسۇن، قانداقلىكى مىللەت بولمىسۇن، ئەگەر ئۇ ئېزىلگەن مىللەت بولسا، ئۇنى سۆيمەكتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋروپالىقلار ئامېرىكىغا بېرىپ يەرلىك قەبىلىلەرنى قىرىشقا باشلىغان جايدا بىزنىڭ مەجبورىيىتىمىز يەرلىك قەبىلىلەر تەرىپىدەدۇر. كارتىسلىرى ۋە پىسادۇرلىرى قىرىلىپ يوقالغان يەرلىك خەلق ئۈچۈن نە قەدەر نەپرەتلىك بولسا، بىز ئۈچۈن مۇشۇنىڭغا ئوخشاشدۇر. ئەمدى، شۇ قاتاردا ياۋروپالىق، ئامېرىكالىقلار ئۆزىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەشكەن جايلىرىدا بىزنىڭ مەجبورىيىتىمىز ئۇلار تەرىپىدەدۇر. ئامېرىكىلىق ئۈچۈن ژېفرسون - ۋاشىنگتونلار قانچىلىك ھۆرمەتلىك بولسا، بىز ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك ھۆرمەتلىكدۇر.

«بېرىتانىيە تاجىسىنىڭ مەرۋايىتى» چۈشۈپ قالماسلىغى ئۈچۈن سىپايىلىرىنى زەمبىرەك ئاغزىغا باغلاپ ئاتقان ئىنگلىز ئادمىرالى كوپىير ھىندىستان خەلقىنىڭ قانچىلىك دۈشمىنى بولسا، بىزنىڭمۇ شۇ قەدەر دۈشمىنىمىزدۇر. ئالخاسىل 1860 - يىللاردىكى پېكىننى ئىشخال قىلىپ ئىمپېراتور سارايىنى بولاپ تالىغۇچىلار ختاي خەلقى ئالدىدا قانچىلىك جىنايەتچى بولسا، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھەم شۇنچىلىك جىنايەتچىدۇر.

ختاي خەلقىنى تەڭسىز ھوقۇقلۇق شەرتنامىلىرىنىڭ يوقۇلىشى نەقەدەر شادلاندۇرسا، بىر دۆلەتنىڭ فوخراسى بولۇش ھەققى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتچىلىك ۋە ھەققانىيەت ئاساسىدا تۇرۇپ قارىغاندىمۇ بىزلەرنىمۇ شۇ دەرىجىدە شادلاندۇرىدۇ.

دېمەك، بىزنىڭ مىللەتچىلىگىمىز بىر مىللەتكە ئۇمۇمەن قارشى بولۇشىمىزدىن كېلىپ چىققان مىللەتچىلىك ئەمەس ۋە بەلكى بىر مىللەت ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ ياققا كېلىپ ھاكىم بولۇپ ئېلىپ، بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ مىللەت ئىكەنلىگىنى ئىنكار قىلىشدىن ۋە خەلقىمىزنى يالغۇزلا بىر مىللەتنىڭلا ئادەملىرى تەرىپىدىن ھەددىدىن تاشقىرى ئېزىشدىن كېلىپ چىققان مىللەتچىلىكتۇر.

ئۆلكىمىزدىكى خەنسۇ كىشىلىرىگە سالىقىن قاراشلىق ئىشلىرى ئەنە مۇشۇ سەۋەپتىن كېلىپ چىققان بىر ئىشتۇر.



سەۋەپنىڭ يوقۇلىشى بىلەن ئۇ ئىشلارنىڭ يوقۇلۇشى تەبىئىي بىر ئىشتۇر. دېمەك، سەۋەپ يوقۇلۇشى بىلەن ھېچ قانداق ھادىسىلەر بولماسلىغىمۇ چوقۇم بىر ئىشتۇر.

مىللىتىمىزنىڭ ھاقارەتلىنىشى، ئېزىلىشى، پۈتۈنلەي ئىنسانىيەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇشى بىزنى تار مىللەتچى قىلىدۇ.

مىللىتىمىزنىڭ ئەركىن بولۇشى، ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشى تار مىللەتچىلىكنى يوقۇتىدۇ. بۇ تارىخىمىزدە ئىلمىي ئىسپات قىلىنغان بىر ئىشتۇر.

بۈنىڭدىن 12 يىل ئاۋال ئۆلكىمىزدە مۇسۇلمان خەلقىنىڭ مىللىي ئازاتلىق قوزغىلىڭى ئەۋج ئېلىپ تۇرغان مەزگىلدە ئېلان قىلىنغان مىللەتلەرنى ھوقۇقتا باراۋەر قىلىش، پارىخورلۇقنى يوقۇتۇش ۋە ئۆلكىنى ئىسلاھ قىلىش شۇئارلىرى خەلقىمىزنى تىنچلىققا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. شۇ قىسقا مۇددەتلىك خەلققە بېرىلگەن مىللەتلەرنىڭ ھوقۇق باراۋەرلىگى نەتىجىسىدە ئۆلكىمىزدىكى بىلىم ئوچاقلىرى، مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى مەۋجۇت بولغان ئىدى. مانا بۇ ئۇيۇشمىلار مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىشەنچىنى پەيدا قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي دوستلىغىنى تەمىن ئېتىشكە باشلىغان ئىدى. ۋە ھېچ قانداق ھادىسىلەر پەيدا بولمىغان ئىدى. شىڭ شىسەي بۇ شۇئارلارغا ئەمەل قىلغان بولسىمۇ، كېيىن شۇئارلار ئاستىدا خەلقىنىڭ ھىمايىسىدە بولۇپ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تاشلىغان شۇئارلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىگە ئىش ئېلىپ بېرىشقا باشلىدى. پۈتۈنلەي ئارقىدا قېلىپ كەتكەن ئۆلكىمىزنى ئۇنىڭدىنمۇ ئارقىغا ئېلىپ ماڭدى. نەتىجىدە بىر ئازغىنە يورۇقلۇقتىن كېيىن يەنە سەياسى، ئىقتىسادى، مەدەنى - مائارىپ، ئەدەبىيە، ھەربىي جەھەتتىن ئېلىپ قارىغاندا ئەڭ قالاق دۇنيا دۆلەتلىرىنىڭ تۈنۈگۈنكىسى بىزنىڭ بۈگۈنۈمىز بولۇپ قالدى. ئۆز ئۆلكىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ بىزنىڭ بۈگۈنۈمىز ئۆزىمىزنىڭ تۈنۈگۈنۈمىز بولدى. راست بىزنىڭ بۈگۈنۈمىزگە بۇ ئۈرۈش كىرگۈزۈلگەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن تۈنۈگۈنكىلىرىمىز ئۈستىگە - بۈگۈنۈمىزگە پولىتسىيە - پاشىست تەرتىپى قوشۇلغان ئىدى.

ئۆلكىمىزدىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر قولىغا ئالغان باراۋەرلىك ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولدى. باراۋەرلىك ھوقۇقى ئورنىغا ئاسىمىلاتسىيە سىياستى يۈرگۈزۈلدى. ئۆلكىمىزدە شۇ ۋاقىتدىن ئىتىبارەن خەنسۇ مىللىتىگە پۈتۈنلەي ئىشەنچىسىزلىك يەنە مەيدانغا كېلىپ چىقتى. ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان خەلق ئاستا - ئاستا مۇنقەرىز بولۇپ يوقاپ كىتىشىنىڭ ئورنىغا «ياكى ئۆلۈم، ياكى كۈرۈم» دەپ قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەش مەيدانىغا چىقتى. ھوقۇق كېلىپ قالدى. ۋە ھوقۇقنى بېرىمەن دېگەن كۈنى مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن مۇنازىرە باشلىدى. مەركىزى ھۆكۈمەت بىلەن بولغان مۇزاكىرە نەتىجىسىدە ئۆلكىمىزدىكى فاشىست تەرتىپ ئېلىنىپ تاشلىنىپ، خەلقچىللىق سىياسەت يۈرگۈزۈلمەك بولدى. خەلقىمىز ئەركىنلىكنى قولىغا كەلتۈرۈدىغان بولدى.

(داۋامى 11 - بەتلەردە)

# Уйғурларда мәдәнийәт вә ислам



**Әзиз Әйса Әлкүн,**
**шаир, тәтқиқатчи, Лондон**

Түркий хәлиқләр ичидә тунжи болуп бүгүнки Оттура Асияниң йетүк мәдәнийәт мираслирини яритишқа мислисиз төһпиләрни қошқан уйғурларда ислам дини роһ болса, бай вә гөзәл уйғур мәдәнийити тән болуп, миң жилдин буян мужәссәмләнгән һалда бүгүнки күнимизгичә давамлишип кәлгән уйғурлуқниң жан томуридур. Уйғур миллитиниң бир пүтүнлүкни худди роһни тирик тәндин айриғили болмиғанға охшаш айриветишқа урунуш, яки бир – бирлиригә қариму – қарши қоюш әсла мумкин әмәс болғиниға охшашла, мошундақ бир хаһиш вә нийәтләрдә болуш, «ислам дини» ни етиқадимиздики натоғра чүшәнчиләрни сүйистимал қилип, Аллаһ тәрипидин яритилған бу қовмниң хас милләт вә мәдәнийәт кимлигигә, зулум ичидә жан талишиватқан бүгүнки мәвжутлуғиға хирис қилиш, жаһилларчә һужум қилиш, наәһлиликниң, намусулманлиқниң вә наинсанлиқниң жүмлисидиндур.

Уйғур миллити үчүн сәнъәт бир милләтниң милләт болуш хусусийитидики барлиғи әмәс, әмма кам болса болмайдиған бир һаят томуридур. Бир милләтниң йетүк милләт болуп, башқа бир милләт түркүмлиридин пәрқлинип туруши, өз миллий кимлигини тәрәққий қилдуруши үчүн ана тили, етиқат қилидиған дини, егидарчилиқ қилидиған туприғи, миллий тарих вә мәдәнийитиниң болуши зөрүр болғиниға охшаш, сәнъити жүмлидин нахша - музика бир милләтниң миллий алаһидилигини гәвдиләндүрүштә, кишиләрниң миллий, өзлүк туйғусини ойғитишта охшашла муһим рол ойнайду. Инсанниң барлиқ илимгә, жүмлидин сәнъитигә шу қәдәр маһир болған, әлмисақтин Оттура Асияниң киндикидә яшап кәлгән уйғур миллити һәр бир дәвир вә заманға яриша өз сәнъитини бейитип кәлди вә тәрәққий қилдурди. Мәдәнийәттики бу алаһидиликни охшашла милләтниң өзидә мәвжут болған барлиқ мәдәнийәт өрнәклири билән бириктуруп вә такаммулаштуруп, уйғур миллий мәдәнийитини башқа мәдәнийәтләрдин пәрқләндүридиған хас миллий кимлик образини шәкилләндурди.

Мәнивийәттики эстетик гөзәллик башқа гөзәлликләргә охшашла инсан тәбиитиниң тажисидур. Нахша у жүрәктин урғуп чиққан чин сөздур. Куй у инсан қәлбиниң лирик аһаңлар арқилиқ намаян қилған баянидур. Шуни етирап қилмай туралмаймизки, уйғурлар мурда әмәс, уйғурниң аңлайдиған зирәк қулиғи, сезәләйдиған сәзгүр жүриги бар, уйғурниң башқа дуниядики һәр қандақ бир таипәләргә охшашла күлкиси, қайғуси һәм нәприти бар бир хәлиқ. Уйғур күләләйду, жиғлалайду вә ғәзәплинәләйду. Уйғур бу һесиятлирини «гаһида дап билән уссул, гаһида Аллаһ билән рәсул» дегән мақал - тәмсилләрдә ипадиләйду.

Уйғурлар 10 - әсирдә ислам диниға етиқад қилғандин башлап, ислам вә уйғур мәдәнийәт урп - адәтлири Оттурсидики мунасивәтләрни тоғра бир тәрәп қилип кәлди. Уйғурлар қайғу вә шатлиқ һесиятлирини бәзидә ибадәт билән Аллаһқа сиғиниш арқилиқ ипадилисә, бәзидә миңларчә жиллардин буян әждадлиримиз бизгә мирас қилип қалдурған муңлуқ күйләр, дәвир вә заманниң инкасиниң муәййән рәвиштә ижтимаий һаятта әкис етиши билән тәдрижий бейип келиватқан нахша-музикилири арқилиқ ипадиләйду.

Бу арқилиқ өзлиригә мәнивий роһ, зоқ вә жасарәт тапиду. Бәзидә уйғурға қаттиқлиқ билән толған һаятқа, умутсизликкә сәнъәтниң ярдими билән үмүтлик билән бақиду, әмма қандақ шәкилдә ипадилинишидин көрә музика арқилиқ ипадиләш башқа ипадиләшләрдин тамамән қелишмайду. Биз шуни салмақлиқ билән ойлишишимиз керәкки, уйғур миллий кимлигиниң муһим хусусийәтлиридин бири болған сәнъәтниң уйғурниң мәдәнийәт миллий роһийитидики бу назук вә сәзгүр тәрипигә мәсъулийәтсизлик билән муамилә қилмаслиғимиз керәк. Һә десила «биз уйғурлар нахша-уссулға маһир хәлиқ» дәп башқилар тәрипидин қандақтур бир муддианиң түрткисидә кәйдурулгән бу қалпақларни дәстәк қилип, уйғур сәнъәт саһасиниң сағлам риважлинишиға, ижадкарлиқ кучиниң урғушиға соғуқ су сәпмәслигимиз, бугүнки уйғур жәмийитидә уйғур миллий кимлигиниң муһим тәркивлирини асас қилған һалда һәммә тәрәпләрни қоғдишимиз зөрүрийәттур. Уйғур жәмийитиниң миллий хаслиғидики һәр қандақ бир тәркип ажизлашса, яки әслигә кәлтүргисиз дәрижидә бузулса вә яки бир - бирини инкар қилидиған амиллар күчәйсә, миллий мәдәнийәт тәңпуңлуғини бузулуш кризисигә елип бариду вә бу уйғур жәмийити учун өз ичидә башқа көплигән еғир мәсилиләрни кәлтүрүш хәвпини туғдуриду.

Адәмләрниң қенидики тәбиий хусусийәтләрниң бири өзидә қандақ нәрсә кам болса, шу нәрсигә еришишниң йоллирида күрәш қилиштур. Биз яшаватқан бу йәр шари қаримаққа өз һәжми жәһәттин хели чоң көрүнсиму, әмма инсан әқил булиғи - илим, билим вә техникилиқ уқум жәһәттин кичик бир мәһәллигә охшап кетиду. Чүнки теги - тәктидин биз инсанларниң ейтидиған нахшимиз бир нахшидур, чалидиған музикимиз бир аһаңдур! Ақивәттә етиқад қилидиғинимиз һәммимизгә ортақ болған инсанни яратқучи Пәрвәрдигаримиздур. Адәмләр қәдимдин тартип нахшини пәқәт икки мәқсәттила ейтип кәлгән - у болсиму хошаллиқ вә қайғудин ибарәт.

Уйғурлар тарихтин буян Оттура Асия вадилирида яшап, дунияға мәшһур иппәк йолиниң гүллинишигә тәсир көрсәткән вә өзгичә хас мәдәнийитини яратқан. Әмма кейинки мәзгилгә кәлгәндә дуния иқтисад алақисиниң қуруқлуқ йоллиридин деңиз йоллириға көчиши нәтижисидә Оттура Асияниң мәркизидә яшап кәлгән бу хәлиқ маканиниң деңизға жирақ болиши сәвәблик, дуниядики башқа хәлиқләр билән ихтисад вә мәдәнийәт алақилиридә житим қалди. Буниң билән бирла вақитта ислам дининиң әслий принципидин чәтнигән сопи - ишанчилиқлиқниң дияримизға сиңип кириши вә хәлиқ арисида умумлишиши тәрки дуниячилиқтин ибарәт йеңи пикир еқимини қозғиди. Нәтижидә, жуғрапийлик жәһәттин житим қалған хәлқимиз роһий жәһәттин бехудлуқ, наданлиқ, жаһиллиқ вә тәприқичилик илләтләргә қул болди. Шуниң билән дуния пән - мәдәнийәт йеңилиқлиридин аста - аста чәттә қалди. Башқилар дунияни бойсундуруш ғәризидә болуватқан мәзгилдә уйғурлар дунияни тәрк етиш йолиға қәдәм қойди. Қисқиси, уйғурлар нурғун нәрсилирини йоқитип XX- әсирниң босуғисиға аран улашти... Жуқирикидәк бир түрлүк тарихий сәвәбләр түпәйлидин уйғурлар йеқинқи уч әсирдин буян өзлириниң бирликкә кәлгән миллий дөлитини қуруш һоқуқидин мәһрум қалди вә шувәждин бу милләтниң мәвжутлуғи дунияға наһайити аз тонулуп кәлди.

Әдиб Абдуқадир Жалалидин Лондонни көргәндин кейинки тәсирати асасида язған «Мәвжутлуқ тәшналиғи» дегән китавида ейтқинидәк, тәрәққий қилған әлләрдә курт - қоңғуз, бирәр явайи от-чөпләр үчүн 10 нәччә бәтләп қамуслирида изаһатлар берилгән болса, әмма дунияда «12 миллиондин артуқ аһалиси бар, йәр - земини ғәрбий Европа билән тәң келидиған, өз тил - йезиғи бар, мәдәнийәт яратқан уйғур дегән бу милләтниң тонуштурулушида, һәтта бу милләт исминиң инглиз йезиғида йезилишидиму техи бирликкә кәлмигәнлигини, уйғур миллити, Хитай мусулмани Chinese muslim, Uyghur, Uighur, Uygur дегәндәк намлар билән атилип, бу милләтни тонуштурушқа йерим бәтлик изаһат үчүнму орун берилмигәнлиги кишини ойландуридиған аччиқ һәқиқәт». Һәқ сөз вә реаллиқ һәмишә аччиқ вә рәһимсиз, әмма биз бу қисмәтләрни соғуққанлиқ билән қобул қилиш асасида өзимиз һәққидә қайтидин ойлинишимиз зөрүр.

Уйғурларниң дунияға тонулалмаслиғи, тонулсиму «дунияда әң хорланған мусулман», «иркий киринчиликқа учурған Хитайдики аз санлиқ милләт - уйғур мусулманлири» дәп йеқинқи жиллардин буян аздур - көптур тонулуш мәсилисигә кәлсәк, буниң сәвәблири тарихий амилларға четишлиқ әлвәттә. Чәт әлдә уйғур образиниң ажиз вә хунүк болушидики қисмәт түпәйли «мусапир болмиғучә мусулман болмас» дегәндәк, бу һаләт һәр бир уйғурниң, болупму өз вәтинидин айрилип муһажирәттә яшиғанларниң жүригини чәт әл ғерибчилиқ туйғуллириға мәһкум қилип, «тонулмиған милләт» кимлиги кирзисидә азаблайду.



Нахша - музика демәк бир милләтниң миллий роһидики өзигә хас алаһидилигини рошән гәвдиләндүридиған, өз нөвити кәлгәндә миллий күч - қуввитини ойғитидиған, өз замандики шатлиғи вә қайғусини яркин куй вә муңлуқ авазлар билән ипадә қилидиған бир сәнъәттур.

Биз, уйғурлар тарихтин тартип илим, мәрипәткә һәвәс қилидиған, әқиллиқ, батур хәлиқмиз. Биз явларға баш әгмигән, жәң мәйданида қилич, қалқан тутуп әл-вәтәнни қоғдап, ат үстидә қилич ойнитип дөләт башқурған, асайишлиқ жилларда болса шу қилич тутқан қолларға қәләм, дутар, сатарларни елип, түрк вә дуния илим, мәдәнийәт саһәсигә өчмәс мирасларни қалдурған хәлиқмиз. Хәлқимиз нәччә әсирләрдин буян зөрүр болса әләм, зөрүр болса қәләм күрәшлирини өз йолида елип берип, өз-өзини сорап, дөләт башқуруп кәлгән хәлиқтур.

Демәк, уйғурлар инсан вә дунияни чүшәнгән, әқил-идрәклиқ, тарихи бар бир хәлиқтур. Хәлқмиз өткәнки үч әсирдин буян әшәддий диний мәзһәпчилик, наданлиқ, сопи-ишанлиқ сәвәвидин ички вә ташқи зулум, уруш вәйранчилиғи, намратлиқ, өз-ара иттипақсизлиқлар түпәйли дөләтчилик вә илим саһәсидә қаттиқ арқиға чекинип, умумий йүзлүк заваллиққа йүзләнгән дәвир болди. Европида санаәт инқилаби башлинип, жуқири пәллигә чиққан жилларда, уйғурлар Оттура Асияниң мәркизидики аллибурун чөлдәрәп қалған иппәк йолида буруқтурма һаят патқиғиға петип қалған еди. Һәтта бәзи кишиләр нормал инсандәк яшаш имканийәтләрдинму мәһрум қалған еди. Гәрчә, өткәнки әсирниң башлиридин башлап уйғур жәддичилик, йәни заманивий маарип вә миллий ақартиш һәрикәтлириниң әвжи елишиға әгишип, милләтниң умумий сүпитидә дунияни вә өз кимлигини чүшинип яшаш һәрикәтлири көрүнәрлик нәтижиләргә еришкән болсиму, әмма кейинки йерим әсирдин буян уйғур кимлиги қайтидин сунъий сәһнилиләштурулуп “уйғурлар нахша-уссулға маһир хәлиқ” дегән нам-атаққа қалди. Дуния вә Хитай дөлити өткәнки 30 нәччә жиллардин буян иқтисат вә пән техникида тез тәрәққий қилиши вә өзгиришигә әгишип, бу нахша - уссулға маһир милләт түрлүк – түмән ижтимаий вә сәясий кризислар сәвәблик тәрәққиятларниң сүръитигә йетәлмидидә мол йәр асти тәбиий байлиқларға егә районда талайлиған ижтимаий вә тәбиий мәсилиләр көрүлүшкә башлиди...

Аримиздики “Майсини тартип өстүрүш” усулини яхши үгәнгән бир қисим әдиблиримиз уйғур хәлиқи вә жәмийитидә көрүлүватқан дәвиргә маслишалмаслиқни “Нахша уссулға амрақ милләт” болғанлиқғимизға бағлап чүшәндүрүшкә урунди. Уйғур миллий кимлигиниң бир түврүги болған уйғур сәнъитини гунаһкар сүпитидә әйибләшкә башлиди. Бу һәқтә айиғи үзүлмәй мақалилар вә обзорлар йезилип, хәлқимиздә бир мәһәл пикир қалаймиқанчилиғини кәлтүрүп чиқарди.

Хош, ундақта ашу обзорчилиримиз ейтиватқандәк, уйғур сәнъити, болупму уйғур нахша-музика сәнъити растинила уйғурларниң бүгүнки тәрәққиятиға путла – кашаң болуватқан амилму? Яқ, бу йәрдә очуқ қилип ейтиш керәкки, уйғурниң бүгүнки бәхитсизликлирини нахша-музикидин көрүш мениңчә әқиланилик болмайду. Бу йәрдики сақланған мәсилә йәнила өзимизни вә өзимиз яшаватқан муһитни толуқ чүшәнмәсликтин келип чиққан субъектив чүшәнчидики хаталиқ мәсилисидур.

Бир милләтниң диний етиқати, турмуш усули, сәнъәт, нахша-музикиларни өз ичигә алған мәдәнийити бир әсирдә яки бирқанчә әсир вақитлар ичидила барлиққа келип умумий хәлиқ һаятида қелиплашқан шәкилдә оттуриға чиқмайду. Бәлки узун муддәтлик жәмийәт вә ирсийәт қурулмиси асасида өзи яшиған тәбиәт муһитидин үгәнгән билимлири билән тәдрижий тәрәққий қилип топлиниду, барлиққа келиду вә тәрәққий қилиду. Һәрқандақ бир милләтниң мәдәнийити шу милләтниң өз миллий кимлигиниң мәвжут болуп туруши вә башқа милләтләрдин пәрқлиқ һалда яшишиниң түп капалитидур.

Бу мәдәнийәтләр ичидики уйғур нахша музикиси тәбиийки уйғур миллий кимлигини гәвдиләндүридиған муһим тәркипләрниң бируидур. Жәмийәтшунаслиқ вә милләт илми бойичә ейтқанда, өз тили вә муқим яшайдиған земинға егә хәлиқләр үчүн уларниң мәдәнийтидики нахша –музика шу милләтниң кимликгигә, миллий тәрәққиятлириға, маарипиға мәнивий илһамландуруш, роһландуруш ролини ойнайду, һечқачан сәлбий тәсир көрсәткән әмәс. Бу турдики мисаллар наһайити көп. Қисқиси, инсан әқлий вә тәсвир ижадийитиниң бир жәвһири болған нахша ейтиш, музика челиш, аңлаш бир адәмниң яки бир умумий жәмийәтниң келәчигигә вә гүллинишигә зиян йәткүзмәйду.

*(Давами кейинки санда)*

# ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ماقالە ۋە نۇتۇقلىرى

## زىيالىيلىرىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىلىرى ۋە ئالدىمىزدىكى سايلام

(داۋامى، بېشى 9-بەتتە.)

مانا بۇ شەرتلەر ئاساسىدا خەلقىمىز تىنچلىققا كەلدى.

دېمەك، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ھەركىتىمىز يالغۇزلا مىللىي ئازادلىق ھەرىكەت بولماستىن شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلقچىلىق، سەياسىتىنى «تۇرمۇشقا ئاشۇرۇش ۋە ئورنۇتۇش» ئۈچۈن بولغان ھەرىكەت ئىدى. دېمەك، بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمىز پۈتۈنلەي بىر مىللەتكە قارشى ھەرىكەت ئەمەس ۋە بەلكى ئۇ مىللەت ئىچىدىكى مۇستەبىت ئۇنسۇرلار ۋە زالىم ئىستىبدات ھاكىمىيەت تەرەپدارلىرىغا قارشى ھەرىكەت ئىدى. دېمەك، خەلقىمىز خۇسۇسەن زىيالىيلىرىمىز مانا شۇ نۇقتەئىي نەزەردە تۇرۇپ ئىش ئېلىپ بارماقلىرى لازىمدۇر.

خەنسۇ مىللىتىنىڭ زىيالىيلىرىمۇ مۇشۇ نۇقتەئىي نەزىرنى ئەستە تۇتۇپ ئىش ئېلىپ بارماقلىرى لازىم بولىدۇ. خەنسۇ مىللىتىنىڭ زىيالىيلىرى بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنى ئۆزى بىلەن ئەمەلدە بارابەر دەپ بىلسە ۋە ئۇنىڭغا بارابەرلىك ئاساسىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلسا، ئۇ، زىيالىي بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ سەممىي دوستى بولالايدۇ. ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە دۇچار بولالايدۇ.

دېمەك، ھەر كىشى «خەلقچىلىقنى تۇرمۇشقا ئاشۇرۇش ۋە ئورنۇتۇش» مەسىلىسىدە بىر مەقسەتتە بولغانلىقىدىن ۋە ھوقۇقتىمۇ باراۋەر بولغانلىقىدىن بىرلىكتە ئىشلەيدۇ. دېمەك، بىرلىك خەلقنىڭ ھوقۇقىنى ۋە ئەركىنلىكىنى ئەمەلدە تونىماق كېرەك. ۋە ئۇ ھوقۇقنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەك كېرەك. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھۆرمەت كۈتمەك كېرەك. دېمەك، مۇشۇ پازىتسىيەدە تۇرغۇچىلار كىمكى بولمىسۇن بىزنىڭ دوستىمىزدۇر. بۇ پازىتسىيەدە بولمىغانلار كىمكى بولمىسۇن بىزنىڭ دۈشمىنىمىزدۇر. تەبىئىي مۇستەبىتچىلەر بۇ پازىتسىيەدە بولالمايدۇ. ۋە ئۇلار بىزگە ھەر قاچان دۈشمەنلىك قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ. خەلقىمىزنىڭ تەلىپى تەمىن ئېتىلسە، تىنچلىققا كېلىشى تەبىئىي بىر ئىش ئىدى. بىز مەركىزى ھۆكۈمەت ۋەكىلى بىلەن كۆپ تالاشلار قىلغاندىن كېيىن «ئەركىنلىك، بارابەرلىك، خەلقچىلىق، ئاندىن كېيىن بىرلىك ۋە تىنچلىق» دېگەن ئىدۇق. جاڭ بو جاڭمۇ بىزگە «تىنچلىق، بارابەرلىك، ئەركىنلىك ۋە خەلقچىلىق» دېگەن تەكلىپنى قويدى. ۋە ھەقىقەتەن جاڭ بو جاڭ ئۆلكىمىزنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق ئاڭلىغانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن بۇ تەكلىپنىمۇ قوبۇل قىلدۇق. نەتىجىدە تىنچلىق، بىرلىك تەمىن ئېتىلدى. ئەمدى پۈتۈن ئۆلكىمىز بويىچە ئەركىنلىك، بارابەرلىك، خەلقچىلىق تەمىن ئېتىلىش لازىم.

بىز مەركىزى ھۆكۈمەت تەستىقلىگەن بىتىمنىڭ 1-ماددىسىدا «ھۆكۈمەت شىنجاڭ خەلقىگە ئۇلارنىڭ ئىشەنگەن يەرلىك خەلقىدىن مەمۇرى خادىملار سايلاش ھوقۇقى بېرىدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، بۇ مەركەز قوبۇل قىلغان پرىنسىپتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن يېقىندا جەنۇبقا بېرىپ ئۈچ-تۆرت شەھەردە مەجلىس ئېچىپ، مەجلىستە «كىمكى ھازىرقى ئەمەلدارلارنى ئورنىدىن ئېلىپ تاشلايمىز دېسە، ئاز كۈندە يوقۇتۇلىدۇ» دېگەن. ئەمەلدار، خەلقچىلىق سەياسىتىنىڭ دۈشمىنىدۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش يېقىندا جەنۇب شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ خەلق يىغىنلىرىنى توپلاپ: «سىزلەر ھازىرقى ئەمەلدارلارنى ئېلىپ تاشلايمىز، دەپ خىيال قىلمىڭىزلار، ئوغرىلارغا ئەگەشكەن بولۇسىزلەر، سىزلەرنىمۇ ئوغرىلار بىلەن بىرگە يوقۇتىمىز. بىز ئۈچۈن بىر-ئىككى شەھەرنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ھېچ نەرسە ئەمەس. بىزنىڭ خەلقتىن كامچىلىغىمىز يوق، 450 مىليون خەلقىمىز، 4 مىليون ئەسكىرىمىز بار. قولىمىزدا بۇ ئىلغار دۆلەتنىڭ ھەربىي تېخنىكىسى بار» دېگەن ھەربىي ئادەم مىنىڭچە خىتاي خەلقىنى ۋە مەركەز ھۆكۈمىتىمۇ ۋەكىل بولالمىسا كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاش بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ بىزنىڭ خەلقچىلىق چاپىنىنى كىيىپ ئېلىپ، بۇزغۇنچىلىققا دەۋەت قىلغۇچىلارغا ئەگىشىدىغانلىرىمۇ بىزگە دوست بولالمايدۇ. ئۇ توغرۇلۇق مەن ئۆز ماقالىدە يازغان ئىدىم.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ سايلام مۇناسىۋەت بىلەن خەلققە قىلغان مۇراجىيىتىمىزدە مانا موشۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرگە قارىتىپ، «ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت قورۇلۇپ ئىككى ئايدىن ئارتۇق بىر مەزگىلدە ئاز سانلىق ئەزالارنىڭ خەلقچىلىق، ھۆرلىكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەستىن خەلقچىلىق ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزلەر ۋە ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى ھەم كۆرۈندى» دېيىلگەندۇر.

ئاز كۈندە ئۆلكىمىزدە سايلام ئۆتىدۇ. سايلام جەنۇبدىكى خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىقلىرىنى ئېلىپ تاشلايدىغان قارا سەياسىتىدىن يورۇقچىلىق، خەلقچىلىق سىياستىگە ئەمەلدە ئۆتىدىغان بۇرۇلۇش نوقتىسى بولمىغى لازىم بولىدۇ. مانا بۇ بورۇلۇش مۇستەبىتچىلىرىنى مۇستەملىكچىلىك سەياسىتىنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئىستىگۈچى مۇتەسسىپ ئۇنسۇرلارنى چۆچىيدۇ. ئۇلار ئىستىبداد زالىم ھاكىمىيەتنىڭ ئۆلكىمىزدىن پۈتۈنلەي يولۇنۇپ كېتىشىدىن چۆچىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەر خىل بوھتانلار بىلەن تەرەققىيات تەرەپدارلىرىنى قارىلاپ ئېغۋا تەشكىل قىلىپ، خەلقىمىزنى قورقۇتۇپ قارا ئىزىش-سەياسىتىنى ساقلاپ قىلىشنى ئىستەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خەلقىمىز تىنچلىققا كېلىپ قولىدىكى قورالنى يىغىشتۇرۇپ قويغاننى كۆرۈپ، ئاسانلىق بىلەن ئىستىبداد ھاكىمىيەتنى قايتا تىكلەشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، دەپ ئويلايدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس. لېكىن، دۆلەت بىرلىگى ئۆلكە تىنچلىغى مۇزاكىرە نەتىجىسىدە قوبۇل قىلىنغان 11 ماددىلىق بىتىم نەتىجىسىدىلا قولغا كەلگەنلىگىنى ئۇلار ئونۇتماسلىغى لازىم. خەلقنى قورقۇتۇش يولى بىلەن ئەمەس ۋە بەلكى بىتىمدە كۆرسىتىلگەن ھوقۇقلىرىنى خەلقىمىزگە تولۇق بېرىش بىلەنلا ۋە تىنچلىقنىڭ ئۆلكىمىزدە ئەبەدىي بولۇشىنى تەمىن قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنسەك بولىدۇ. لېكىن، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىز ئۆلۈپ تامام بولۇپ كېتىشكە رازى بولىدۇ. ئامما قول بولۇشقا رازى بولمايدۇ.

دېمەك، پۈتۈن ئۆلكە خەلقىمىز 11 ماددىلىق بىتىمدىكى ھوقۇقلىرىدىن تاشقىرى ھوقۇق تەلەپ قىلمايدۇ. لېكىن، شۇ 11 ماددىلىق كۆرسىتۈلگەن ھوقۇقلىرىنىڭ كېمىيىپ قىلىشىغىمۇ رازى بولمايدۇ.

دېمەك، زىيالىيلىرىمىز مۇشۇ ئاساسىدا تۇرۇپ خەلقىمىزگە كەڭ كۆلەمدە چۈشەنچە بېرىپ، خەلقىمىزنى ئالدىمىزدىكى سايلامغا تەييارلىماقى لازىم بولىدۇ.

ئەمدى بىزنىڭ خەلقىمىزگە نىسبەتەن بولغان ۋاكالەتلىگىمىزگە كېلەيلى:

ھەر دائىم «خەلقىمىزنىڭ تەلىپى تەمىن ئېتىلگەن جايىدا بىز بارىمىز» دېدۇق. بۇ قۇرۇق سۆز بولماستىن ئەمەلدە بولمىغى لازىم. خەلقىمىزنىڭ ئۈستىدىن بىر مۇنچە ئېغىرچىلىقلار كۆتۈرۈلگىنى يوق. ھەممىسنى ئېيتىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. قەدىمدىن بېرى تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۆلكىمىزدە ئەڭ ئادالەتسىز ئورۇنلارنىڭ بىرسى ئەدلىيە ئورۇنلىرى بولۇپ كېلىۋاتماقتا. ھەتتا خوتەندىن ئۈرۈمچىگە كىچىك بىر ئىش ئۈستىدىن پىيادە ئەرز ۋە دادىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىزگە كەلگەن ئادەم ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ دەردىگە بىز دەرھال دەرمان بولالمايۋاتىمىز. ئۇزاق جاينىڭ مەسىلىلىرى بۇياقتا تۇرسۇن ئۈرۈمچى ئۆزىدە بىر يالغانچى بولغان جايىمىز يوق ئەمەس.

مەن كىچىك بىر مەسىلىنى ئېيتىپ بېرەي: بۇنىڭدىن ئىككى ئايلا بورۇن ئون نەچچە كىشى بىرلىشىپ «لىيوتچىكنى ئۆلتۈردى» دەپ توتقۇنغا ئېلىنغان قاسىمجان غازى دېگەن كىشىنى تىلەپ بورھان ئەپەندىم ئىككىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قاسىم غازى لىيوتچىكنى ئۆلتۈرمىگەنلىگى توغرۇلۇق دەلىللىرى شۇنىڭدىن ئىبارەت.

1-قاسىمجان غازى ئۆزى ئوقۇغان زىيالى ئادەم ئىنسانپەرۋەر كىشى ھەرگىز ئادەم ئۆلتەرمەيدۇ.

2-قاسىمجان غازى سەياسى مەسبوس بولۇپ ... يىل تۈرمىدە يېتىپ، مۇشۇ قېتىمقى بىتىمگە بىنائەن تۈرمىدىن چىققان كىشى.

3-قاسىمجان غازىنىڭ تۈرمىدە يېتىپ كەچقۇرۇن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان كىشى.

4-قاسىمجان غازىنىڭ ئۆيىدە خوتۇنى ۋە ئىككى كىچىك بالىسى بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلبەتتە مۇنداق كىشى تۈنۈگۈن تۈرمىدىن چىقىپ ھەرگىز قاتىللىق قىلمايدۇ. ۋە ئۈرۈمچىدىن ھېچ ياققا كەتمەسلىگىگە كېفىل بولىمىز. كېرەك ۋاقتىدا چاقىرىپ ئالسا، بىز ئۇنى ھازىر تىلەيمىز. بوشۇتۇپ بەرسە، دېگەندىن كېيىن بىز ئىككى مۇئاۋىن رەئىسلەر بىللە ئادالەتلىك مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشۈپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقان ئىدۇق. ئۇ كىشى بىزگە «ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوچوق سود بولىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ جاۋاپقا قانائەتلىنىپ بىزگە كەلگەن كىشىلەرگە: «ئۈچ كۈندىن كېيىن ئوچۇق سود بولىدۇ. ئەگەر جىنايىتى ئىسپاتلانسا، تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ. ئاقلانسا بوشۇتۇلىدۇ» دەپ جاۋاپ بەردۇق. كەلگۈچىلەر قانائەتلىنىپ چىقىپ كەتتى. ئارىدىن 5-6 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جامائەت يەنە كېلىدۇ. بىز بورھان ئەپەندىم ئىككىمىز ناھايىتى خىجىل بولۇپ ئۇلارغا ئەتىلىككە جاۋاپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ قويۇپ ئەرتىسى «ئادەلەتچىلىك مەسئۇلىيەتچىسىگە يەنە قايتا سوئال تاشلىغان ئىدۇق. قانون ھىمايىچىسى بىزگە: «ئۇ كىشى ئاقلاندى. ئىشلىرىنى رەسمىلەشتۈرۈپ 3 كۈن ئىچىدە چىقىرىۋېتىمىز» دېدى. بىز جاۋاپنى جامائەتكە قايتۇردۇق. ئارىدا مەن غۇلجىغا بېرىپ قايتتىم. بۇ ئوتتۇرىدا ئىككى ئاي ئۆتۈپدۇ.

مەن ئاشۇ كۈنگىچە ئەدلىيە تىلىدا 5 كۈننىڭ قانچىلىك ۋاقىت ئىكەنلىگىنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. مەن ئۇنىڭغا خاپا بولغۇنۇميوق. لېكىن بۇ ئۇنىڭ مېنى ئالداش نەتىجىسىدە مەن خەلقنى ئالدايدىغانلىغىمغا خاپا بولدۇم. بورھان ئەپەندىمۇ خاپا بولغان بولسا كېرەك. ئەنە ئەھۋال شۇنىڭدىن ئىبارەتدۇر. ئەلۋەتتە قاسىمجان خان بابالار ھەقىقەتتە جىنايەت قىلغان بولسا، جىنايىتى قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك جازاسىنى تارتماقلىغى لازىم. مەسىلە ئۇنىڭدا ئەمەس، مەن بۇ مەسىلىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈشدىكى مەقسىتىم، ئەگەر ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ چوڭ مەنسەپدارلىرى سىلىقلىق بىلەن شۇ قەدەر ئەخمەق قىلسا، جايلاردىكى زالىم قانون ئېگىلىرى خەلقىمىزنى نەقەدەر قاتتىقلىق بىلەن ئىزەر ئىكەن دېمەكچىمەن. مەن بۇ مەسىلىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈشدىكى مەقسىدىم، بىزنىڭ ئايرىم قىيىنچىلىقلىرىمىز ئەنە شۇلارغا ئوخشىغان قىيىنچىلىقلاردىن ئىبارەتتۇر، دېمەكچىمەن. راست بىز «ئەدلىيە ئورگانىغا يەرلىك زىيالى، كادىرلارنى جەلپ قىلىش بىلەن بارابەر ئەدلىيە ئۆزىنىڭ پۈتۈنلىگىنى ئەلبەتتە ساقلايدۇ» دېگەن پرىنسىپنى قوبۇل قىلغان ئىدۇق. ھازىر ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزگەرمەي تورۇشنىڭ سەۋەبلىرى ئەلبەتتە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئەدلىيە دىكى كۆن ھېساۋىنىڭ ئۇزاقلىغىدادۇر. ئەگەر بۇ بوتۇنلۇك مۇشۇنداق ئىشلاردىن ئىبارەت بولسا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە قىيىن بولۇدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئىي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ئاز كۈندە ئەدلىيە ئورۇنلىرىغىمۇ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ سەياسى ئىشلارنى ئەمەلگە قويۇش قوللانمىسىغا» مۇۋاپىق ئۆزگۆرۈش كىرگۈزىدۇ. شۇنىڭغا قەدەر زىيالىيلىرىمىزنىڭ بۇ ساھەدىكى مۇھىم ۋەزىپىسى سايلامغا تەييارگەرلىك كۆرۈش بىلەن بىللە، خەلقىمىزگە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان: «خەلقىمىزنى قانۇنسىز توتقۇنغا، قاماققا ئېلىشقا ۋە جەرىمانە قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. يەنە ھوقۇقى بولمىغان ئىدارىلەرگە قانۇن، تەرتىپ بويىچە ھېچكىمنى توتقۇنغا، قاماققا ئېلىشقا ۋە سوراق قىلىشقا ھەمدە جەرىمانە قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھەر قانداق ئىدارىلەرنىڭ ۋە دىنىي ئورۇنلارنىڭ خەلققە تەن جازاسى بېرىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

خانىم-قىزلارنىڭ سايياسى، ئىقتىسادى، قانۇنى ئىجتىمائىي، مائارىپ جەھەتلەردە بارابەر ھوقۇقلۇق بولۇشىغا كاپالەت بېرىدۇ»، دېگەن قانۇننى ياخشى چۈشۈنۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمايدىغان ئىنسانلار بولسا، ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىشدىن ئىبارەت بولىدۇ. ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەرز-دادىنى تېزلىكتە جايلارنىڭ ئۆزلىرى، ئادىللىق بىلەن تەكشۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، خەلققە ياردەملىشىشدىن ئىبارەت بولۇدۇ.

(«ئىنقىلاۋىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 1946-يىلى، 6-ئۆكتەبىردىكى (564)77 سانىغا بېسىلغان).

مەنبە: ئەخمەتجان قاسىمى. «تاللانما ئەسەرلەر». ئۈرۈمچى، 1950-يىل، 10-25-بەتلەر

# О ПРОБЛЕМАХ УЙГУРСКИХ СТУДЕНТОВ В УЧЕБНЫХ ЗАВЕДЕНИЯХ ТУРЦИИ



***Сайпединова Дильназ,***
*докторант*
*Университета г.Анкары*
*им. Хаджи Байрам Вели*

На сегодняшний день во многих развитых странах получение качественного высшего образования является обязательным для каждого большинства граждан страны и Турция не является исключением. Здесь национальная система образования контролируется государством. На данный момент обучение в Турции организовано на высоком уровне. Большинство образовательных учреждений страны не уступают ведущим странам европейских государств, как по качеству получения образования, так и по технической оснащенности учебным заведениям. В Турции можно получить качественное образование, благодаря которому для выпускников открываются новые горизонты и возможности. Но, к сожалению, многие студенты сталкиваются с определёной проблемой и заботой во время учебного процесса. Такие проблемы, зачастую приводят к плохой успеваемости в учебе, и соответственно создает барьер для дальнейшего развития и роста студентов в сфере его обитания. В частности затронуты проблемы уйгурских студентов, которые временно проживают на территории Турции с целью получить качественное высшее образование. О каких именно проблемах идет речь и к чему это может привести в последствии, разберемся ниже. Но для начала необходимо понять всю структуру образования в Турции. Целью данной научной работы является исследование проблем молодого поколения уйгуров обучающихся в ВУЗах Турции.

*1. Система высшего образования в Турции*

Высшие учебные заведения являются завершающим этапом формального образования. В Турции насчитывается большое число университетов, поступление в которые осуществляется на основе конкурса. Однако каждый университет разрабатывает свою индивидуальную систему зачисления. Длительность учебы в магистратуре Турции составляет 2 года, для поступления необходимо наличие базовой степени бакалавра. Завершающим этапом высшего образования в Турции является докторская степень, которая требует еще 4 года учебы и написания диссертации. Получение высшего образования в Турции платное. Однако, обучение в государственном ВУЗе обойдется гораздо дешевле, чем в частном. Турция знаменита своим гостеприимством и добротой местных жителей, особенную любовь и симпатию они проявляют жителям тюркских стран. Вот почему большинства уйгурских абитуриентов выбирают именно эту страну, так как считают ее своей второй родиной. Турция близка уйгурам как по истории, так и по культуре, языку, обычаям и традициям.

Три года назад Турция ввела в свои программы АР Крым. Данная программа предусматривает обучение только тюркских народностей. Тесты для абитуриентов, которые хотят получить образование в Турции, готовятся в Анкаре. Задачей будущего студента является знание общешкольных дисциплин, по которым даются вопросы. Ежегодно содержание вопросов меняется, и такие испытания абитуриент должен проходить за полтора часа. Известно, что Турция посылает своих экспертов в другие страны для разработки тестов. Студенты, которые уже прошли тестирование, имеют право обучения в течение восьми месяцев в подготовительном институте. Они должны выучить турецкий язык и по окончании этих курсов получить диплом, дающий право преподавать язык в странах СНГ. Также известно, что Турция выделила для школ с крымско-татарским языком 12 мест для учителей.

Важно отметить, что отбор иностранных студентов в университеты Турции осуществляется только делегированной организацией OSYM. Это центр отбора и зачисления студентов, поэтому конкуренция здесь довольно высокая. На момент подачи документов в турецкий ВУЗ, студент уже должен пройти курс обучения и иметь образовательный уровень, который соответствовал бы уровню лицея в Турции.

Обучение в турецких ВУЗах ведется, как правило, на государственном языке, поэтому студент должен обязательно владеть турецким языком, иначе ему придется тяжело. В том случае, если студент начинает свое обучение и при этом не знает языка, то ему дается отсрочка на год, чтобы выучить турецкий язык, затем он имеет право продолжить обучение. Учеба в Турции является не таким дорогим удовольствием, как в американских заведениях - цена зависит напрямую от программы. Популярность такого обучения с каждым годом растет и связано это с тем, что на территории Средней Азии и большинства тюркских государств, все больше открывается турецких фирм, где в дальнейшем работают выпускники ВУЗов Турции и уйгуры не исключение.

*2. Проблемы поступления и обучения уйгурских студентов в Турции*

На сегодняшний день уйгуров, стремящихся, получить высшее образование растет и это, несомненно, радует. Однако не всем студентам удается получить его, а даже те, кому всё-таки удалось поступить в престижный ВУЗ - не всегда удаётся закончить. К примеру, чаще всего уйгурские студенты приезжают из Средней Азии, в частности из Казахстана, Кыргызстана и Узбекистана. Как правило, в этих странах большинство учебных заведений продолжат свою систему образования по системе советского времени, что сильно отличается от турецкого. Во первых - во многих странах постсоветского пространства по сей день используют пяти бальную шкалу оценок, тогда как во всех развитых странах в том числе и Турции система виpируется на 4-х или 100 бальной шкале оценок. Конечно, это не является глобальной проблемой студентов, однако нужно подметить, что учитывая успеваемость студентов в этих странах принято разбирать их по оценкам полученных в аттестате после окончания школы или лицея. К примеру, ученик закончивший школу с одними пятерками будет считаться "отличником" и даже может получить за это красный аттестат или золотую медаль, ученика закончившего со всеми пятерками и одной или более четверкой принято называть "ударник", а вот если в аттестате есть хоть одна тройка то ученик считается "тройишником", что в глубоком смысле подразумевает низкую успеваемость ученика, к сожалению, подобное деление успеваемости учеников плохо сказывается в дальнейшем на поступлении в университ или институт. В Турции существует совсем другая система оценок и при поступлении и подачи заявок в ВУЗы необходимо пройти так называемый пороговый бал. Для большинства университетов минимальный балл при зачислении в университет на программу бакалавра должен быть 2,50-2,55 из 4-х, однако, некоторые университеты требуют еще выше. Большинства уйгурской молодежи из Средней Азии при подачи заявок на поступление в ВУЗы Турции, сталкиваются с проблемой онлайн регистрации . Дело в том что, Турция как и многие ведущие страны мира осуществляет прием заявок на зачисление студентов в удаленном формате, путем онлайн регистрации. который каждый студент заполняет самостоятельно и как правило заявка подаётся на турецком или английском языках. Но для студентов из слабо развитых стран это своего рода барьер и уйгуры, проживающие в таких странах, часто сталкиваются с этой проблемой, так как не могут осуществить подачу своей заявки в онлайн формате из-за низкого уровня знаний компьютерных программ и отсутствия иностранного языка. Каждый университет выдвигает свои требования к зачислению, ежегодно ВУЗы Турции выставляют списки требования при зачислении студентов и им строго нужно соответствовать.

Помимо всего этого существует проблема жилья. Для иностранных или иногородних студентов некоторые университеты предоставляют места в государственные общежития. Однако, очень часто мест для всех не хватает. Поэтому многим приходится арендовать жилье или оставаться в частных предпринимательских общежитиях. которые стоят не так дешево как хотелось бы. Для малообеспеченных уйгурский семей эта проблема выходит на первое место и многие студенты даже после поступления в ВУЗ вынуждены отказаться от учебы в Турции из-за отсутствия жилья. В Турции есть уйгурские организации которые представляют программы на бесплатное жилье или ежемесячную стипендию. Но не во всех городах или регионах Турции, что значительно снижает уровень желания обучаться в небольших городах.

В Турции существует масса теорий и правил которые должны выполнять каждый студент или житель этой страны, но, к сожалению не все выдерживают этих правил. Кому-то не хватает терпения и сил, а кому-то просто легче жить в стране, где этих правил нет.

## СПИСОК ЛИТЕРАТУРЫ

АВАТАКОВ В. А., КАСАТКИН П. И., "Высшее образование в Турции и Болонский процесс", https://cyberleninka.ru/article/n/vysshee-obrazovanie-v-turtsii-i-bolonskiy-protsess

ЛОГИНОВ А., "Обучение в Турции: перспективы и существующие проблемы", https://tagilcity.ru/news/society/18-06-2012/obuchenie-v-turtsii-perspektivy-i-suschestvuyuschie-problemy , Москва, 2020.

ДОЦЕНКО Ю., "Учеба в Турции в 2020-2021 годах", https://world.uz/ru/blog/view/ucheba_v_turcii_v_2019_2020_godah , Москва, 2021.

ХАНАЛИЕВА С.З., "Особенности высшего образования в Турции", Министерство образования и науки Республики Казахстан, Казахский Национальный университет им. Аль-Фараби, Алматы, 2018.

https://www.docsity.com/ru/osobennosti-obrazovaniya-v-turcii/4533299 /

https://study-con.com/10-prichin-uchitsya-v-turtsii /


ئابدە ئابباس نەسرىن

ئابدە ئابباس نەسرىن
1992-يىلى 5-ئاينىڭ 20-
كۈنى چۆچەك ۋىلايىتىنىڭ شىخو
شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ
ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى
يۇرتىدا تاماملىغىنىدىن كېيىن،
تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنى
قاھىرە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا
ئوقۇغان.
ئاپتور 2020-يىلى «تۇرنا»
ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى دۇنيا
ئۇيغۇر يازغۇچىلار
ئۇيۇشمىسىنىڭ نەشرىگە
تەييارلىشىدا، تۈركىيە يازغۇچىلار
ئۇيۇشمىسى قارمىغىدىكى ئەرگۇۋان
نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر
قىلدۇرغان.
بىر قىسىم شېئىرلىرى ئىنگلىس
تۈرك، ياپون تىللىرىغا تەرجىمە
قىلىنغان. ئەنگلىيەدىكى نوپۇزلۇق
گېزىتلەردىن بىرى بولغان ھامىي
گېزىتىدە بىرپارچە شېئىرى،
تۈركىيەدە تۈركچە چىقىدىغان
گۈنجەل سەنئەت ژۇرنىلىدا بىر
قانچە پارچە
شېئىرى، «ئىزدىنىش» تور
ژۇرنىلىدا كۆپلىگەن شېئىرلىرى ئېلان
قىلىنغان.
ئاپتور ھازىر ئىستانبۇلدىكى
«ھىرا ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتىپى
»دە ئانا تىل ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ
خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.
رېداكسىيە

## مېنى سۆيۈپمۇ مېنىڭ بولالمىغان يار

بىر يىگىت ئۆتتى يېنىمدىن،
ياق ئۆتۈۋاتىدۇ جېنىمدىن،
ئۇيسىزلىقۇمنى ياشلىرىمدا
سۇغۇرۇپ،
قانلىرىمنى ھىجراندا ئويۇلدۇرۇپ،
يا ئۆلتۈرۈۋەتمىدى،
يا قويمىدى تىرىك.

ئىلىنىپ تالدىم،
بۇيرۇق قىل،
ئۇزۇلۇپ چۈشسۇن دار.
باھارىڭغا قىلما ئىنتىزار.
باھارنى كۈتمەيمەن دەۋالاي يالغاندىن،
سېنى سۆيمەيمەن دەۋالاي ئارقاڭدىن،
مېنى سۆيۈپمۇ مېنىڭ بولالمىغان يار.

## ۋاز كېچەلمەس يارغا

لىپمۇلىق تولۇپتۇ ئىچىم سەن بىلەن،
ھىجراننى كۆرمىسە چېھرىم ئۆمرىدە.
تۈنجۇقسام مېھرىڭدە لاۋۇلداپ كۆيسەم،
ياندۇرغان قەلبىڭنىڭ مۇڭلۇق
دەشتىدە.

يارساڭا چىچىمنى باغ دەپ ئاتىسام،
باغرىڭنى ئۆزۈمگە تاغ دەپ ئاتىسام.
نەپسىڭ جۇش ئۇرسا ئەنبەر لېۋىمدە ،
بارىڭنى بارىمغا تاج دەپ ئاتىسام.

يار سېنى مەن دەيمەن، سەن ھەم
مېنى مەن،
بەرمەيمەن جېنىڭنى ئۆزۈڭگىمۇ ھەم.
كۆڭلۈمنىڭ شاھىسەن، بەختىم
ھەدىسەن،
سۆيگۈمدە يالتىرار بىغۇبار شەبنەم.

## شۇ كۈنى

ۋىسال بىباھا بولمىسا ئەگەر
ئاشىقلار يەتمەمتى يارۇ-جانىغا.
مېنىڭمۇ شۇ كۈنى كۆزلىرىم ئوچۇق
بىر بېقىش ئۈچۈنلا نۇر نىكاھىڭغا .

يۇمدۇرۇپ قويارسەنمۇ كۆزلىرىمنى، ئېھ؟
مەن تۇتۇپ باقمىغان ئاشۇ قولۇڭدا.
چۈشكەيمۇ ياشلىرىڭ لېۋىمغا تېمىپ
سەنسىز پۈتۈلگەن غېرىپلىقىمغا.

## مەن ئۆزۈمنى يوقاتتىم قاچان؟

مەن ئۆزۈمنى يوقاتتىم قاچان؟
بولدۇم چوڭقۇر ئاھاڭلاردا مېھمان.
ئىزدەپ باقتىم ھەريان شادلىقنى،
دىل ھەسرىتىم ئىچىدە ۋۇلقان.

*

مەن ئۆزۈمنى يوقاتتىم قاچان؟
بېسىملاردىن سىلىندىم قىيان.
شىۋىرغاندا قالدى تەپەككۇر،
ۋۇجۇدۇمدا ئايلىنار تۇمان.

*

مەن ئۆزۈمنى يوقاتتىم قاچان؟
يۈزلىرىمدە تەبەسسۇم يالغان.
دولقۇن بولۇپ مەۋج ئۇرغان سوئال،
ھىجرانىمنى قىينايدۇ ھامان.

## بىر كۈنى چۈشىنىسەن

بىر كۈنى چۈشىنىسەن
سۆيگۈ ئۈچۈن يۈرىكىمنى خازان
قىلغىنىمنى
بۇلاقلىرىمنى قۇرۇتقىنىمنى
ئاسمىنىمنى تۈگەتكىنىمنى
سانسىز پارچىلەرگە چېقىلىپ
تاغدەك ھەسرەتكە يېقىلىپ
ئەينەكلەرگە بېقىنغىنىمنى.

بىركۈنى چۈشىنىسەن
سۆيگۈ ئۈچۈن بۇ قەدەر چاڭقىغىنىمنى
يالاڭ ئاياغ قان ئاققۇزۇپ
پەرۋا قىلماي يۈرۈشلىرىمنى
سۆيۈنگەندە بىر زەرىدىن
ياشلىرىمنى ئېيتىشقا ھەم ئۈلگۈرەلمەي
جان- جىنىمدىن كۈلۈشلىرىمنى.

بىر كۈنى چۈشىنىسەن
سۆزلىرىمدىن ئەمەس
كۆزلىرىمدىن
يۈرىكىمنىڭ بېغىشلىرىدىن
مۇڭ شىلدىرلاپ ئېقىشلىرىدىن

چۈشىنىسەن بىركۈنى
باشسىز يۈرگەن غېرىبلىقىمنى
قەبرەم بېرىدۇ ساڭا سۆزلەپ
سەنسىز قىلغان جەسۇرلىقىمنى

## ساڭا بېغىشلايمەن

سەندىن يىراق بىرجايدا
ساڭا روبىرو ئولتۇردۇم قەلبىمدە
ھېچكىمگە ھېچبىر ۋاقىتتا ئېيتىپ
باقمىغان سۆزنى ئېيتماق ئۈچۈن
ھېچكىمگە قاراپ باقمىغان كۆزۈمدە
بېقىش ئۈچۈن
ھېچكىم كۆرمىگەن بىر يۈزنى بېرىش
ئۈچۈن
ھېچكىمگە سوقمىغان يۈرەكنى
ئاڭلىتىش ئۈچۈن
كۆزۈمدە زۇمرەتلەنگەن
لېۋىمدە رەڭلەنگەن
يۈزۈمدە زەرلەنگەن
جېنىمغا ئۆتكۈزۈلگەن دىلتۇمارنى
رەسىدە پاكلىقىم بىلەن ساڭا
ئېسىش ئۈچۈن
باسماقچى بولغان ئىزلىرىڭغا كىرىش
ئۈچۈن
بارلىقىڭدا قىزىل خالدەك چىنىش
ئۈچۈن
نازۇك جاننى قاۋۇل جانغا بېسىش
ئۈچۈن
ئەھدىلەرنى يېشىلمەسكە چىگىش
ئۈچۈن
بىر ئەينەكتە بىزنى بىللە كۆرۈش
ئۈچۈن
سەن قارىغىن كۆزلىرىڭنى ئەما
قىلىپ
ئىمان - ئەھدە ساداقەتنى جەمگاھ
قىلىپ
كۆرۈپ ھارما
قېنىپ- قېنىپ
ھۇزۇرلانغىن
سۈرۈپ- سۈرۈپ
چىچىۋالغىن مۇھەببەتنى ئەتىر قىلىپ
ھىدلىرىمدا ئۇزۇپ يۈرگىن
ئوكيان بىلىپ
بەيگىلەردە تەڭ ماڭمىز
يۈكسىلمىز
ئىلىپ يۈرگىن جاندەك مېنى
روھىڭ بىلىپ
بىر قەدەھكە تولدۇر مېنى
زەم -زەم بىلىپ
تىنماي بىر رەت ئىچىۋەتكىن
نۇردەك يېنىپ
ھارما جېنىم سەپىرىڭدە،
ھەرگىز تالما
ماغدۇرۇڭغا مەن باردۇرمەن
مەڭگۈ قېلىپ
تۈنجىلىرىم بىلەن ساڭا مەلھەم بولاي
ئاچقىن يۈرەكنى
ئۆمرۈڭگىمۇ يېتىپ ئاشار
كۆمگىن تىلەكنى
سەن بىلىسەن
ھېس قىلىسەن
ھەرھالدا بولساڭ
بىر سۆيگۈنۈڭ سېنى سۆيگەن
ئاپئاق يۈرەكنى
ئەسلىگەندە ئاۋۋال كۈلۈپ ئىشەنچ
تاپىسەن
ئۇ ئۆلمەيدۇ زىندانىڭدا
ۋاپا سېزىپ
تاپالمايسەن نازۇكۇڭدەك
بىتەكرار گۈلنى
نۇر ئۈستىگە نۇر بولۇپ قونغان
مەستۇرە ھۆرنى
سەن ھەمزەم
مەن ئەلىفىڭ
ئاشىق سۆزى
بىزدىن بىرىككەن
مەڭگۈ سۆزى يىڭنە بولۇپ
بىزگە تىكىلگەن
كىممۇ بىزدەك روھ كۆرۈشۈپ
چىن- چىن سۆيۈشكەن
قۇياشنىمۇ ئاجىزلىتىپ
نۇرغا چۆكۈشكەن
چەكسىز ئىزھار يانار جېنىم
قەلبىم ھاياجان
مەن تاشالماي جىمىپ تۇرغان
ماگمىلىق ۋولقان
نېمە دېسەم ئاز كېلىدۇ
يارۇ جانىمغا
سۆزلىرىمنىڭ ئەكسى يانار
دېسەم تاغلارغا
ئاۋازىمدا ئىزىڭ باردۇر
ئىزلىرىڭدا بايانىم
سەن شاھزادەم زەپەر ھىدلىك
سەلتەنەت تەختىم
سەن تۇغۇلغان ئەشۇ كۈندە باھار
تۇغۇلغان
سەن تۇغۇلغان ئەشۇ كۈندە قايغۇ
يېپىلغان
سەن تۇغۇلغان ئەشۇ كۈنگە
مەنمۇ تۇغۇلغان
ئۆلمەيتىمەن ئەسلى ئەسلا
سەندە تۇغۇلغان
تۇغۇلىمەن، ئۇمۇدىمسەن
سەندە ساناقسىز
ھەر تۇغۇلسام ئاشىقىڭمەن
بىلىسەن شەكسىز
قىزىل گۈلدە كىيدىم گۈل تاج
لالە يېپىنچام
قىزىل لىباس سەندە كۈلدى
شەپەق سىلىنجام
قىزىل قاندا مەيىن ئاققان، قىزىل
ئاشىقمەن
قىزىل رەڭدە ئېچىلماققا
تۇتقان غۇنچىمەن
مەن سېنىڭكى
سەن مېنىڭكى
ھەممە بىزنىڭكى
مەن بارلىقىڭ
سەن بارلىقىم
ۋىسال ئۇمىدكى
مەن بىر مىقدار سەندە خاسلانغان
سەن بىر مىقدار مەندە خاسلانغان
ئۆلچىيەلمەس ھەم بىلەلمەس ھېچبىر
خالىغان
بىر مىزانغا قويساق ئەگەر
ۋەزنىم بېسىلغان
بىر تەرەپتە ئىشق ئەھلى
چۆل- چۆل چېقىلغان.

2012-жили вәтинимиз Уйғуристанниң пайтәхти Үрүмчи шәһиридә 35 миңдин артуқ сөз киргүзүлгән чоң рус-уйғур луғити 4000 нусха билән нәширдин чиққан еди.




Бу луғәтни түзгүчиләр Зияйидин Әзиз, Зәйнәп Сәләй вә Әнвәр Абдурахманлар. Йеқинда бу луғәт Кутлуқ Ташахуновниң тәшәббуси билән Бишкек шәһиридә 90 нусха билән қайта нәширдин чиқти. Һазирқи күндә рус-уйғур кәби луғәтлар биз, уйғурлар үчүн наһайити зөрүр.

Бу чоң рус-уйғур луғитиниң қайта нәширдин чиқиши рус вә уйғур тиллирини мукәммәл үгинидиғанлар, яшлар үчүн чоң бир хошаллиқ дәп һесаплаймиз.

**Редакция**

В 2012 году в столице нашей родины - Уйгуристане, в городе Урумчи был издан большой русско-уйгурский словарь, состоящий из более 35 тысяч слов, тиражом 4000 экземпляров. Составителями данного словаря были: Зияйидин Азиз, Зайнап Салай и Анвар Абдурахман. Недавно, данный словарь по инициативе Кутлука Ташахунова был переиздан в городе Бишкек тиражом 90 экземпляров. В наши дни русско-уйгурские, уйгурско-русские словари важны для всех, особенно для нашей молодежи в деле изучения и владения родным языком.

**Редакция**

## *Мәшһур уйғур язғучиси Пәрһат Турсунниң романи Америкида нәшир қилинди*

Йеқинда, Америка Саймон Фрайзер университетиниң инсаншунас вә уйғур тәтқиқатчиси Даррен Байлер өзи билән йәнә бир намсиз тәржиман тәйярлиған бүгүнки заман мәшһур модернист уйғур язғучиси Пәрһат Турсунниң «Арқа коча» дегән романиниң Колумбия университети нәшрияти тәрипидин нәшр қилинидиғанлиғини Твиттердә билдүрди. Ушбу хәвәр Твитерда интайин күчлүк диққәт вә қизиқиш қозғиди.



Колумбия университети нәшриятиниң тор бетидә мәзкур роман һәққидә мундақ тонуштуруш берилгән: «‹Арқа коча› Хитай дөлити тәрипидин ғайиб қилинған мәшһур һазирқи заман уйғур язғучиси Пәрһат Турсунниң адәмни һәйран қалдуридиған романидур. У кириш қийин болған Шинжаң - Уйғур автоном районининң мәркизидә вақитлиқ һөкүмәт хизмитини тапқан бир намсиз уйғурға әгишиду. Йезидики азаб-оқубәт вә намратлиқтин қечишни издигән бу адәмни бу шәһәрдә күтүвалидиғини соғуқ нәзәрләр вә рәт қилиш болиду. У кочиларни қишлиқ булғинишниң туманлири ичидә, өзигә санлар вә пурақлари сезләп, һавайи-һәвәс, жиргиниш, әслимиләр вә әсәбийлик билән кезип жүриду.




Пәрһатниң романи тосқунсиз әдәбий ижадийәт әсиридур. Униң қозғитишчан прозиси бир түркүм үлгилик дуния язғучилириниң топини әслитиду— униңда Мо Йәндәк хитай язғучилири; Қамус, Достоевский вә Кафкиларниң образлири вә ритмлири; Эллисонниң ‹Көрүнмәс адәм› дегән әсиридики иркчиликниң, логикисиниң кәскин әмма бимәнизимчә операцияси бар болуш билән биргә уйғур әдәбияти әнъәнилири вә суфизм шеирийити қатарлиқларниң қошулишидин түзүлгән Пәрһатқила хас болған бир услуб бар.

«Арқа коча» романи шәһәрдики ялғузлуқ, иҗтимаий зораванлиқ, инсанийсизлаштуруш вә миллийликниң иркчилаштурулуши һәққидики еник бир мәсилидур. Шундиму, униңдики баш қәһриманниң аяллиқ назакәт вә тунҗи муһәббәт һәққидики җанлиқ әслимилири әслимә билән тәсәввурниң қандақ қилип чидамчанлиқниң тирән шәкиллирини тәминләйдиғанлиғини аян қилиду. Тәржиманниң тонуштурушлири романни язғучи билән униң әсәрлиринин ғайиб болушини кәлтүрүп чиқарған сәясий атмосфераға җайлаштуриду.»

Мәзкур романға йәнә Америкида туғулуп өскән вә Пулитзер проза мукапатиға еришкән түрк аял язғучиси Елиф Батуман мундақ баһа язиду: «Пәрһат Турсунниң ‹Арқа коча› романи вә Даррен Байлерниң йорутуш характерлиқ тонуштурушлири инглиз тиллиқ дуния әдәбиятидики бир тарихий һадисидур. Пәрһатниң Үрүмчидики бир уйғур ишхана хизмәтчисиниң һаяти һәққидики баянлири унтулғусиз вә әқилни лал қилиду. Романниң услуби, кәйпияти вә даириси камусни әслитипла қалмастин (яки бәлки у Алжерия нуқтисидин чиқип язған йәнә бир камустур), бәлки йәнә бизгә пүтүнләй өзгичилик вә көрүлүп бақмиғанлиқ туйғуси бериду. Бу бир утуктур.»

Жуқурида зикри кәчкән китап Пәрһат Турсунниң «Чоң шәһәр» намлиқ романиниң 1-қисми болуп, роман әслидә үч қисим яки униңдин көп болсиму, қолимизда (тоғриси тәржиман дәррин бәйлерниң қолида) икки қисми сақлинип қалған. Үчинчи қисми ахирқи чағларда вәтән ичидики торларда елан қилиниптикән. Әпсуски, уни сақливалалмиған икәнмиз. Йеқин кәлгүсидә романниң уйғурчә икки қисми бир китап сүпитидә нәшир қилинмақчи.

**Мутәллип,**
Норвегия

## *Влияние политических репрессий 30-х годов на развитие культуры и быта уйгуров Советского Кыргызстана*

*(Окончание. Начало на 8 стр.)*

По переписи 2009 года в Кыргызстане проживало чуть больше 45.6 тысяч уйгуров, основная часть которых это выходцы из СУАР КНР, переселившиеся в Киргизию во второй половине 1950-х начале 1960-х годов. Уйгуры же, мигрировавшие в Кыргызстан в 18-19 веках растворились с местными жителями. У потомков репрессированных уйгуров осталась только память об уйгурах. В сравнении обрядов и обычаев уйгуров, проживающих в южных регионах, а также уйгурами переселившихся к Кыргызстан в во второй половине XX-го века, заметна значительная разница. Эта разница наблюдается абсолютно во всех сферах быта от кухни до бракосочетания. Что касается уйгурского языка, то он полностью ассимилировался с узбекским, так как очень схожая лексика, некоторые фонетические особенности были приданы забвению. Открытые в начале 1920-х годов начальные школы с уйгурским языком были закрыты, либо преобразованы в школы с кыргызским, узбекским или татарским языками обучения.

Ассимиляция уйгуров Ферганской долины в большей части объясняется страхом политических репрессий и исторической памятью народа, а также тесным соседством с узбекским населением.Ассимиляция уйгурского населения г. Токмак, связана исключительно с исторической памятью народа о тех кровавых годах.

Ассимиляция уйгурского населения г. Токмак, связана исключительно с исторической памятью народа о тех кровавых годах.

Если в начале становления советской власти уйгуры играли активную роль в общественно-политической и социально-культурной жизни, то из-за репрессий 30-х годов, уйгуры были в числе «провинившихся» народов. Жители селений под страхом доноса в НКВД, боялись каких- либо отношений с уйгурами. Чтобы выжить, уйгуры были вынуждены раствориться с другими народами, отказаться от языка, традиций и обрядов. Так как наиболее близки по этническому признаку были узбеки, поэтому токмакские уйгуры превратились в узбеков.

С распадом СССР и образованием Содружества Независимых Государств, Кыргызстан, как независимое государство предоставил возможность национальным меньшинствам развивать свой язык и культуру. Некоторые вернули свою национальность в документах, но многие уйгуры, особенно старшее поколение, все еще держит в умах события тех черных дней, и по-прежнему в пятой графе паспорта записаны другие национальности.

Однако страх перед репрессиями, не заставил полностью забыть о своей идентичности, народ сохранил основные моральные, этические и гуманные ценности. Уйгуры сохранили любовь и стремление к знаниям, трудолюбию и упорству.

Основанная в 1924 году в г. Токмак уйгурско-татарская школа, позже была преобразована в татарско-узбекскую, затем в узбекско-кыргызскую, а в 1959 году была полностью преобразована в узбекскую школу им. Алишера Навои, которую много лет возглавляли славные женщины уйгурского народа: Махмутходжаева Нурниса Кибирахуновна, Токтасынова Райхан Исламовна и Убулкасымова Зульфия Иминовна.

**Использованная литература:**

1. *Бернштам А.Н. Уйгуры и Семиречье. Фрунзе, 1946*
2. *Валиханов Ч.Ч. «Собрание сочинений в 5 томах.» Т.3. Алма-Ата*
3. *Губаева С.С. «Население Ферганской долины в конце XIX начала XX в.»., Ташкент, 1991г.*
4. *Асанканов А.А. Уйгуры Кыргызстана. Бишкек, 2014*
5. *Каримова Р.У. К вопросу об особенностях художественных ремесел уйгуров Кыргызстана //сборник докладов «Уйгуры: прошлое, настоящее и будущее». Бишкек, 2017*
6. *Хапизов А.А. Этапы миграции уйгуров по Центральной Азии в XVII-XX вв.// сборник докладов «Уйгуры: прошлое, настоящее и будущее». Бишкек, 2017*



14-май күни, Бишкәк шәһиринин турғуни, уйғур жамаәтчилигинин һөрмәтлик ақсақили **Абдулбақиев Зунунмуһәммәт нажи Һасан қари оғли** дуниядин қайтти. Абдулбақиев Зунунмуһәммәт һажи 1937-жили Ғулжа шәһиридә туғулған. У аилиси билән 1955-жили Уйғуристандин Қирғизстанға кәлгән. Қирғизстанға көчүп кәлгәндин кейин та пенсийәгә чиққучә Чүй вилайити, Аламедин вә Соқулуқ наһийәлиринин һәр хил саһалирида ишлигән.

Зунунмуһәммәт һажи Һасан қари оғлинин вапат болуши мунасивити билән мәрһумнин аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә изһар қилимиз.

***Қирғизстан уйғурлиринин «Иттипақ» жәмийити.***



Йеқинда Алмута шәһиринин турғуни, уйғур жамаәтчилигинин активисти, жәмийәт әрбаби вә Султанқорған мәһәллисинин баш жигитбеши **Ғәйрәт Өмәр оғли Мәмәтәлиев** 79 йешида вапат болди.

Хәлиқ ичидә чоң һөрмәткә сазавәр, өмүр бойи хәлиқ хизмитидә болған, Ғәйрәт Өмәр оғли Жетису, Турксиб наһийәлиридә баш жигитбеши болуп сайлинип, та һаятинин ахириғичә мошу хәлиқ хизмитидә ишләп кәлгән. Ғәйрәт Өмәр оғли өзинин вәтәнпәрвәрлиги вә жанкөйәрлиги тәрипидин яшлиримиз үчүн чоң бир үлгә инсан еди вә яшлиримизнин мәслиһәтчиси болған алийжанаб, пешқәдәм адәмлиримизнин бири болған.

Ғәйрәт Өмәр оғлинин вапат болуши мунасивити билән мәрһумнин уруқ-туққанлириға, йеқин ағинә – достлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз. Мәрһумнин ятқан йери жәннәттә болсун.

***Қирғизстан уйғурлиринин «Иттипақ» жәмийити.***



Чүй вилайити, Аламедин наһийәси **Шәрқ йезисинин уйғур жамаити**, шу йезинин һөрмәтлик ақсақили, йеза мечитинин сабиқ мәзини **Қәмирдинов Османжан Пидамолла оғли** 80 йешида вапат болди.

«Иттипақ» гезитинин жәнкөйәри Османжан Пидамолла оғлинин вапат болуши мунасивити билән мәрһумнин аилисигә, уруқ-туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдуриду.



Бишкәк шәһири, Төкүлташ мәһәллисинин турғуни **Фарух Махмут оғли Ибрагимов** 51 йешида вапат болди. Мошу мунасивәт билән мәрһумнин аилисигә, уруқ – туққанлириға чоңқур қайғуруп тәзийә билдүримиз.

***Бишкәк шәһири, Төкүлташ мәһәллисинин уйғур жамаити***

# Диққәт!

Саудийә Әрәбистанида яшаватқан Әхмәт Ихтиярий Мухбир әпәнди вә Норвегийәдә яшаватқан Халидә ханим Һошур қизи мошу фотосүрәтләрдики Рәхимжан Абдувайит оғлини вә униң аилисини издәватиду.



Биринчи кетим Рәхимжан Абдувайит оғли өзи ялғуз Майтағ шәһиридики туққанлирини 1984-жили йоқлап барған. Иккинчи кетим Рәхимжан Абдувайит вә униң қирғиз аяли Әттиргүл вә униң кичик оғли Нурлан билән 1985-жили Майтағ шәһиридики туққанлирини йоқлап барған.

Әгәр Рәхимжан Абдувайит оғлини тонуған – билгәнләр болса, униң қәйәрдә яшаватқанлиғидин хәвәрдар болғанлар төвәнки адресимизға телефон арқилиқ хәвәр қилса болиду:

+996 708 444 746
(Ильяр Зарипов)
+996 312 620450
(«Иттипақ»гезити)
+996 312 664004
(«Иттипақ» жәмийити)



Рәхимжан Абдувайит оғли 1984-жили Майтағ шәһиридә туққанлири билән чүшкән фотосүрәт

**Внимание! Внимание!**

*В офисе Общества уйгуров «Иттипак» намечается открытие курсов по изучению* ***уйгурской письменности.***
*Курсы начнутся по мере формирования групп.*
*Телефоны для справок:* ***62-04-50, 66-40-04***
***Редакция***

# ТӘБРИКЛӘЙМИЗ!








*Бишкәк шәһиридики **Тиливалди һаҗим Иминов рәһбәрлигидики оттуз оғул мәшрәп әһли,** мошу мәшрәпниң әзаси, **АХЧИЛ МӘТТАЙИР оғлиниң 80 жиллиқ** тәвваллуди билән сәмимий тәбрикләйду.*

*Ахчил Мәттәйир оғлиға тән-саламәтлик, узун өмүр вә аилисигә бәхит-саадәтләрни тиләйду.*

*Бишкәк шәһиридики **Абдуғопур Или Қари оғлиниң рәһбәрлигидики оттуз оғул мәшрәп әһли**, мошу мәшрәпниң әзаси **ҒАПИР ҺАҖИ НАЗАРОВНИҢ 80 жиллиқ** тәвваллуди билән қизғин тәбрикләйду.*

*Униңға тән-саламәтлик, узун өмүр вә аилисигә бәхит-саадәтләрни тиләйду.*

**Звезды спорта**

# Главный тренер КР по плаванию

*Среди нашей молодёжи есть немало перспективных и молодых спортсменов в различных областях спорта,которые вносят большой вклад делу развития Кыргызского спорта и одним из таких спортсменов-специалистов и является Исламжан Турдиев - главный тренер сборной Кыргызстана среди людей с инвалидностью.*



*Исламжан Турдиев родился в 1993г. в г. Бишкек. Учился в ШГ №63, в 2011г. поступил в Кыргызско-Российский славянский университет, в 2017 г. защитил диплом по специальности - горный инженер. В 2018 г. поступил в Кыргызкую академию физической культуры и спорта, на кафедру плавания.*

*Исламжан с 10 лет начал заниматься плаванием под руководством тренера Дрёмина Андрея Михайловича. В 15 лет перешёл в старшую группу по плаванию в бассейн спортивного клуба «Жаштык». Является кандидатом в мастера спорта, многократным призером республиканских соревнований.*

*Тренерскую деятельность начал с 18 лет. Уже на первом этапе своей карьеры он начал преподавать плавание для людей с инвалидностью. В 2017г. при поступлении в Кыргызскую академию физической культуры и спорта его пригласили работать в Федерацию плавания для людей с ограниченными возможностями здоровья (ЛОВЗ). На тот момент он уже имел опыт работы с такими людьми. С 2019г. он является главным тренером КР по плаванию среди ЛОВЗ в СДЮСШОР «Ынтымак».*

*Входит в судейскую коллегию Федерации спортивного плавания КР.*

*В 2021г., 25 апреля прошли впервые в нашей стране республиканские соревнования по плаванию среди ЛОВЗ, где его спортсмены заняли призовые места.*





*На данный момент он тренирует сборную КР по плаванию среди ЛОВЗ и сборную спортивного плавания в бассейне спортивного клуба «Парус».*

*Здесь нам хочется особо отметить то, что в воспитании и становлении спортивной карьеры Исламжана существенную роль оказали его любимые бабушка-Хасанова Тамара Хамдамовна и дедушка-Хасанов Акчил Маттаирович и за это, Исламжан очень благодарен им.*

*Мы от всей души пожелаем Турдиеву Исламжану Пархатовичу - перспективному, молодому тренеру по плаванию больших спортивных достижений в деле подготовки будущих чемпионов на чемпионатах нашей республики, мира и Олимпийских игр.*

***Абдурахим Хапизов.***
*Фото из личного архива Исламжана Турдиева*